بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

ئابلەت جۇمە تۇپراق

# قەرز پۇلدىن پۇل تېپىش

(2 - قىسىم)



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

ئابلەت جۇمە تۇپراق

# قەرز پۇلدىن پۇل تېپىش

( 2 - قىسىم )



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

资助创业：全2册：维吾尔文/阿不来提 • 居马编著，—乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2012.3
(致富丛书)
ISBN 978-7-5466-1211-9

I.①资… II. ①阿… III.①企业管理—通俗读物—维吾尔语(中国少数民族语言) IV.① F270-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第043161号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۇچى: ئابدۇشۇكۇر ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: تاھىرجان جۇماخۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئالىيە مەمەت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۇچى: خەمىدە سەئىدئالىم

بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى
**قەرز پۇلدىن پۇل تېپىش (2)**
* * *
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255    پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm×1230mm   1/32   باسما تاۋىقى: 9.25
2012 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2012 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1211 - 9
باھاسى: 30.00 يۈەن (ئىككى قىسىم)



ئابلەت جۇمە تۇپراق 1963 - يىلى 4 - ئايدا يوپۇغا ناھىيەسى تېرىم يېزىسىنىڭ كۆتەگلىك كەنتىدە تۇغۇلغان، مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىدا چوڭ بولغان. ئۇ «قەشقەر گېزىتى» ۋە «قەشقەر» ژۇرنىلىدا باش مۇخبىر، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىرغىچە 5000 پارچىدىن ئارتۇق خەۋەر - ماقالە، ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرە، شېئىر يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان؛ «جاسارەتلىك بول ئوغلۇم» قاتارلىق 17پارچە كىتابى ھەرقايسى نەشرىياتلاردا نەشر قىلىنغان. 30 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە - ئەسىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# كىرىش سۆز

هاياتنى قەدىرلەش، ئۇنىڭ بىتەكرار پۇرسەتلىرىنى چىڭ تۇتۇش، ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۇنى بېيىتىپ، ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇرۇش ھەممە كىشىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئەمما، بۇ ئارزۇنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈش ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. ھەربىر كىشىدە كۆرۈنمەس بىر تىلتۇمار بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە «ئاكتىپ روھىي ھالەت» دەپ يېزىلغان. بۇ بايلىق، مۇۋەپپەقىيەت، خۇشاللىق ۋە ساغلاملىقنى جەلپ قىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى يۇقىرى پەللىگە ئېلىپ چىقىدۇ ۋە شۇ يەردە مەزمۇت تۇرغۇزىدۇ؛ تىلتۇمارنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە «پاسسىپ روھىي ھالەت» دەپ يېزىلغان بولۇپ، بارلىق گۈزەل شەيئىلەرنى رەت قىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى تۇرمۇشنى ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ، ھەتتا يۇقىرى پەللىدە تۇرغان كىشىلەرنى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

كىشىلىك ھايات پۇرسەت ۋە خىرىسقا تولغان بولىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى ئىقتىساد ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، رىقابەتنىڭ كەسكىنلىشىشى بىزدىن ئەنئەنىۋى ئىقتىساد ئېڭىمىزنى، قىممەت قارىشىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىزنى، زامانغا لايىق بىلىم - ساپانى ھازىرلىشىمىزنى، ئۇچرىغان خىرىس، قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغان پەم - پاراسەت، جاسارەت بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

كىشىلىك ھاياتتىكى پۇرسەت ھەممىلا يەردە تولۇپ تۇرىدۇ. بۇ «پۇرسەت» لەر ھەممىلا ئادەمگە بېيىش ھوقۇقىنى بەرگەن.

بىراق، ئۇ تەييارغا ھەييار بولىدىغانلارنىڭ بېيىشىغا كاپالەتلىك قىلمايدۇ. پەقەت تىرىشقان، ئىزدەنگەنلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ.
ئىقتىساد ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بىۋاسىتە ۋە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بېيىش ئىستىكىدە بولغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا «بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى» نى سۇندۇق. مەجمۇئە تۈرلۈك تىجارەت يوللىرىنى، ئىستېمال يۆنىلىشىنى، مەبلەغ سېلىش ئۇسۇللىرىنى، پۇل تېپىشنىڭ توغرا يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە، بۇ كىتابنىڭ ئىگىلىك تىكلەش، بېيىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىستەكلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا سىزگە ياخشى بىر يېتەكچى ۋە باشلامچى بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


**قانۇنىي جاكا** ............................................................ 1
هۆججەت ۋە هۆكۈم ............................................................ 2
هۆججەت ـ ئىسپاتلارغا قول قويغان ياخشىمۇ ياكى تامغا باسقانمۇ؟ ..... 8
قول قويۇش ۋە قانۇنىي جاۋابكارلىق ............................................ 12
**ئىلىم ـ بىرىمدىكى ئاچچىق ـ چۈچۈك ئىدالار** ................................ 18
پۇلدىكى مەنىۋى ئىسكەنجە ............................................................19
هۆججەت ۋە هىسسىيات............................................................23
ئەخمەقلىك پۇل قەرز بېرىشتىن باشلىنامدۇ؟ ...................................33
قەرز ئالغۇچىلار قەرز بەرگۈچىلەرنى يېتىشتۈرىدۇ...................................40
قەرز ئالغۇچىمۇ، قەرز بەرگۈچىمۇ بولۇشى كېرەك ..................................43
قەرزدار سەمىمىي بولۇشى كېرەك ............................................................48
هۆججەت ـ ئىسپاتلارنىڭ كاپالىتىنى ساقلاشتىكى بىرقانچە نۇقتا.... 51
هۆججەت، ئالاھىدە پوچېركىلارنى يىغىپ قويۇش كېرەك ...........................53
باشقا تىل ـ يېزىقتا يېزىلغان هۆججەت ـ ئىسپاتنى تولۇق
چۈشىنىپ قوبۇل قىلىش كېرەك..............................................................55
قەرز هۆججىتىنىڭ خاراكتېرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ .................................59
**قەرز بېرىش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش**............................................................62
كىشىلىك تۇرمۇشتىكى قەرزدارلىق...............................................................63
قەرزدارلىقنىڭ ئاۋارىچىلىكى .........................................................................74
قەرزدارلىقنىڭ يۆتكىلىشى ..............................................................................77
قەرز پۇل ۋە خۇمارلىق.......................................................................................80
**ئورتاق بايلىق ـ قەرز پۇل**............................................................................82
فوند بىزگە بايلىق ئېلىپ كەلدىمۇ؟ ياق، قەرزدارلىق! ...................................83
قانداق كارخانىلار قەرز پۇلنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ؟ ..............................95

قانداق كارخانىلار قەرز پۇلغا بوغۇلۇپ قالىدۇ؟.................100
كارخانا قەرز پۇلنى مەخسۇس تۇر قىلىپ تۇتۇشى كېرەك ............106
قەرزدارلىق ئۆلمەيدۇ ..........................................110
قانداق ئادەم قەرز بېرىدۇ؟ ....................................114
لەۋزىدە تۇرۇش – قەرزدارنى پاكلايدۇ.............................120
قانداق قەرز ئەڭ ياخشى قەرز بولىدۇ؟ ............................124
ئورتاق بايلىق – قەرز پۇل ......................................128
بىرسىنىڭ ئېلىشى بولمىسا «ماقۇل» دېمەڭ ..........................132
تىجارەتچى قەرز ئېلىم - بېرىمىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك؟ .... 137

# قانۇنى جاكا

# ھۆججەت ۋە ھۆكۈم

مەيلى كىم، قانداق ئىش بولسۇن ھۆججەت ئىشىغا سەل قارىماسلىقى كېرەك. ھۆججەت - ئىسپاتلارنىڭ جاۋابكارلىقى ئادەتتىكى مۇناسىۋەتلەردە مۇھىملا بولماستىن، بەلكى قانۇن نىزاملاردىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىدا كۆرەلەيمىز.

ھۆججەت - ئىسپات مۇھىممۇ گۇۋاھچىلىقمۇ؟

ھۆججەت - ئىسپات بىر خىل تىرىكلىككە ئىگە بولىدۇ، بۇ دېگەنلىك ئۇنىڭ ھەيدەكچىلىك كۈچى، مەجبۇرلاش كۈچى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇنى يازغان ئادەم تېنىۋالالمايدۇ، يېنىۋالالمايدۇ، بەك بولسا سەۋەب كۆرسىتىپ، ئىنكار قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال بەك ئاز كۆرۈلىدۇ. بىراق ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان پاكىت، ئاساس بولۇشى ياكى ئىككىنچى، ئۈچىنچى خىلى بولغان، ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان باشقا تۈردىكى پاكىت بولۇشى كېرەك. قەرزدار يازغان ھۆججەتتىن ئاغزاكى يېنىۋالسا، تېنىۋالسا، قانۇن ئۇنىڭ ئاغزاكى بايانلىرىنى كۆپ ھاللاردا تەتبىقلىمايدۇ، پەقەت ئاڭلاپ قويىدۇ. ئەسلى ھۆججەتنى ئىنكار قىلمايدۇ، بەلكى قانۇن بويىچە بېكىتىپ ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى قانۇنىي جەھەتتىن كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. مۇبادا قەرز ھۆججىتىنى ھەقدار يوقىتىپ قويسا، ھېچقانداق

ئاساس بولمىسا، قانۇن ھەقدارنىڭ بۇ ھەقتىكى ھوقۇقىنى قەرزدار ئېتىراپ قىلغاندىلا قوغدىشى مۇمكىن. تېنىۋالسا، ئېتىراپ قىلمىسا بۇنىڭغا قانۇنمۇ بىر نەرسە دېيەلمەسلىكى ياكى ئەرزنى رەت قىلىشى مۇمكىن. لېكىن ھۆججەت - ئىسپاتلا بولىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن راست بولسىلا ئۇنى ھەرقانداق ئەھۋالدا قوغدايدۇ، كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. قانۇن پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىدۇ.

گۇۋاھچىلىققا كەلسەك، گۇۋاھچىلىق جانلىقلىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇنى ئېتىراپ قىلسا بولىدۇ. جىنايەت خاراكتېرىنى ئالغان گۇۋاھچىلىقتا پاكىت ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، گۇۋاھلىق بېرىلىدۇ، ئۇ قانۇني كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەمما ھەق تەلەپ دېلولىرىدا ئىسپاتلاش ئاساس قىلىنىپ، ھەر ئىككى تەرەپ ياكى بىرقانچە مۇھىم تەرەپ ئېتىراپ قىلسا، قانۇني ئىگىلەرنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشسە، ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بولمىسا، بىر تەرەپ ئېتىراپ قىلسا، بىر تەرەپ قارشى تۇرسا، ئېتىراپ قىلمىسا، ئېتىراپ قىلىش زۆرۈرىيىتى تولۇق ھازىرلانمىسا، ئۇ چاغدا ئېتىراپتىن قالىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھۆججەت - ئىسپاتنىڭ كۈچى گۇۋاھچىلىقنىڭ كۈچىگە قارىغاندا كۈچلۈك بولىدۇ. مۇبادا گۇۋاھچىلىقنى ھەر ئىككى تەرەپ ئېتىراپ قىلسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ كۈچى يەنىلا ھۆججەت - ئىسپاتقا ئوخشاش بولىدۇ.

### ئىقرارنامە مۇھىممۇ، ھۆججەتمۇ؟

ئادەتتە ئىقرارنامە بىلەن ھۆججەتنىڭ پەرقى بەك چوڭ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئىقرارنامە گۇۋاھچىلىقتىن كۈچلۈك بولىدۇ. بىراق ئىقرارنامىنىڭ ھۆججەت - ئىسپاتتەك كۈچلۈك

بولۇپ كېتەلىشى ناتايىن. بىر قارىسا، تولۇق پاكىت قىلىپ دەسسەتكىلى، زۆرۈرىيىتى كەلسە، ئۇنى ھۆججەت - ئىسپات ئورنىدا بېكىتكىلى بولىدۇ. بىر قارىسا، ئۇنىڭ پەقەت پايدىلىنىدىغان، بېكىتكىلى بولمايدىغان خاراكتېرىمۇ بولىدۇ. بۇنداق بولۇشىدا ئىقرارنامىنى قەرزدار مەجبۇر يازغان دەپ تېنىۋالسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ كۈچى تۆۋەنلەيدۇ. راستىنىلا شۇنداقلىقى ئىسپاتلانسا، ئۇنى قانۇنىي پاكىت قىلىپ بېكىتكىلى بولمايدۇ.

ئىقرارنامىنىڭ ھۆججەت - ئىسپاتتىن ئالاھىدە پەرقى شۇكى، ئۇ ھەم يېزىقچە، ھەم ئاغزاكى بولىدۇ. يېزىقچە بولغاندا ئۇنى ئىنكار قىلىش بىرقەدەر تەس بولىدۇ، ئاغزاكى بولغاندا، ئۇنى ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن ئىنكار قىلغىلى، يوق قىلىۋەتكىلى بولىدۇ. قەرز مۇناسىۋەتلىرىدە ئىقرارنامە كۆپ ھاللاردا ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ، ئىقرارنامىنىڭ گۇۋاھلىققا قارىغاندا كۈچلۈك بولۇشى ئۇنىڭ خاسلىقىدا، چۈنكى ئۇنى قەرزدار ئۆزى بىۋاسىتە قوبۇل قىلغان ۋە ئېتىراپ قىلغان بولىدۇ. بۇ ھال ئىقرارنامىنى گۇۋاھلىقتىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ.

دېمەك، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، ھۆججەت - ئىسپاتنىڭ رولى، كۈچى ئىقرارنامىدىن كۈچلۈك بولىدۇ.

گۇۋاھلىق، ئىقرارنامە، ھۆججەت - ئىسپات كۆپ ھاللاردا بۇ ئۈچى بىرلا ۋاقىتتا كەلمەيدۇ، بىرلا ۋاقىتتا كېلىپ قېلىشى بىر خىل تاسادىپىيلىق بولىدۇ.

ئالايلۇق، بىر ھەقدارنىڭ ھۆججەت - ئىسپاتىمۇ، گۇۋاھچىسىمۇ، قەرزدار ئىقرارنامىسىمۇ بولسا، ئۇ چاغدا قەرزدار يېنىۋالىمەن دېسىمۇ يېنىۋالالمايدۇ. تېنىۋالىمەن دېسىمۇ تېنىۋالالمايدۇ. چۈنكى گۇۋاھلىق، ئىقرارنامە ھەقدارنىڭ ھۆججەت - ئىسپاتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، قەرزدارنىڭ ھەرقانداق باھانە - سەۋەبلىرىنى ئىنكار قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

بۇ ئۇچىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا كېلىشى ھەر ئىككى تەرەپكە باغلىق بولىدۇ. سەزگۈر، تەجرىبىسى مول كىشىلەر ئۆزىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى، بولۇپمۇ تېگىشلىك مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، بالدۇرلا تەييارلىق كۆرۈپ، بارلىق مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قىلىدۇ، توپلاپ قويىدۇ. بۇنى قارشى تەرەپنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالى، خاراكتېرى قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتقان ھالدا قىلىدۇ. بۇ قارشى تەرەپنىڭ ھەربىر ئىشىغا كۆز - قۇلاق بولۇشنى كۆزدە تۇتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك گۇۋاھچى، ئىقرارنامىلەرنى ھازىرلاپ قويىدۇ. مۆرىتى كەلگەندە، ئۇنى ئاشكارىلاپ، قەرزدارنىڭ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىش ئېھتىماللىقى ئۇستىدىن غالىب كېلىدۇ. يەنە بەزىلىرى ئالدىن ئويلانمىغان بولسىمۇ، مەلۇم ئىجتىمائىي ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن توغرا كېلىپ قېلىشىمۇ بولىدۇ. ئۇ دەسلەپتە پىلاندا بولماستىن، ئۆزلۈكىدىن ھازىرلىنىپ قېلىپ، ئاخىرىدا بىر پۈتۈنلۈككە، بىر گەۋدىگە ئايلىنىدۇ.

ھۆججەت - ئىسپاتمۇ، گۇۋاھچىمۇ، ئىقرارنامىمۇ بولمىسا، ئۇ چاغدا ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش تولىمۇ قىيىن بولىدۇ. قەرزدار بۇنداق چاغدا ئېتىراپ قىلسا، ئۇنىڭ كۈچى بولىدۇ. ئېتىراپ قىلمىسا، ئۇنى بىر ياقلىق قىلىش كۆپ ھاللاردا مۇمكىن بولمايدۇ. بۇنداق چاغدا قانۇنغا مۇراجىئەت قىلىشتىن كۆرە ئەخلاققا، ۋىجدانغا مۇراجىئەت قىلىشتىن باشقا يول يوق ياكى بولدى قىلىشتىن باشقا ئامالمۇ يوق. ھەق تەلەپ ئىشلىرىنىڭ ئەڭ قىيىن ۋە ئەڭ مۇرەككەپ تەرىپىمۇ دەل مۇشۇ يەردە بولىدۇ.

ھۆججەت - ئىسپاتقا ئىقرارنامە، گۇۋاھچى تەڭ كەلسىمۇ، ئوخشاشلا ھۆججەت - ئىسپات ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا كەلسە، ھۆججەت - ئىسپات گەۋدىلىك، ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

## توختام، هۆججەت، قانۇن

بىز ئالدىنقى بايانلاردا هۆججەت بىلەن توختامنىڭ مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندۇق. توختام هۆججەتنىڭ بارلىققا كېلىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش قىممىتىنى بېيىتىدۇ. قانۇن بۇ ئىككىسىنى قوغدايدۇ. قوغداشتا ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى قوغداش بىلەن ھەققانىي بولۇشىنى مۇھىم ئاساس قىلىدۇ. توختام بىلەن هۆججەت بەزىدە بىر - بىرىنى شەرت قىلغىنىغا ئوخشاش، قانۇنمۇ ئۇنى قوغداشتا بۇ ئىككىسىنى شەرت قىلىدۇ. شۇڭا توختامدا پۈتۈشكىنى هۆججەت - ئىسپاتلاردا ئەكس ئېتىشى، هۆججەت - ئىسپاتلاردا ئەكس ئەتكىنى توختامدا بولۇشى كېرەك. توختامدا يوقلارنى هۆججەت - ئىسپاتلاردا بار قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئەكسىچە بولسا، قانۇن ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنى ھەق تەلەپ ئىشلىرىدا قوللىمايدۇ. شۇڭا توختامنىڭ ئىجراسىدا دائىملىق نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش، ۋاقتىدا خۇلاسىلەش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

بىرىنچى، قارشى تەرەپ توختامنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا سەۋەنلىك سادىر قىلسا ئۇنى دەرھال تۇسۇش، قارشى تەرەپنىڭ ئىسپاتىنى ئېلىش كېرەك.

ئىككىنچى، توختامغا خىلاپلىق قىلىش ياكى قىسمەن خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى سادىر بولسا، ئالدى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش، ئۇقتۇرۇش قىلىپ توختىتىش كېرەك.

ئۈچىنچى، قارشى تەرەپ توختامغا خىلاپلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرسا، توختامنى بىكار قىلىش تەدبىرىنى قوللىنىش، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا مەلۇم قىلىش، زىياننى باھالىتىپ، قانۇنىي ئاساسلارنى تۇرغۇزۇپ قويۇش كېرەك.

تۆتىنچى، توختامغا ۋە توختامدىكى مەھسۇلاتلارغا مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر، تەشكىلاتلاردىن ئىسپات، ئاساسلارنى توپلاپ، قارشى تەرەپكە ئۇقتۇرۇپ قويۇش، ئېتىراپنامىسىنى ئېلىپ قويۇش كېرەك.

مۇشۇ بىر قاتار ئىشلارنى تولۇق قىلغاندا، دەۋا شەكىللىنىپ قالسا، قانۇن بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ، قوللايدۇ. ئەكسىچە، بۇ نەرسىلەرنى تولۇق ئالماي، قارشى تەرەپ توختامغا خىلاپلىق قىلىپ، بىر تەرەپكە ناھايىتى زور زىيان سېلىنىۋەتسىمۇ، ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىسا، سوتمۇ ئۇنىڭغا يېتەرلىك، مۇۋاپىق تۆلەم جاۋابكارلىقى ياكى زىياننى تۆلەش جاۋابكارلىقى. ئارتمايدۇ. قۇرۇلۇش كۆتۈرە ئالغۇچىنىڭ ھېلىقى تامچىدىن «قۇرۇلۇشنىڭ ۋاقتىدا پۈتمەسلىكىدە بارلىق مەسئۇلىيەت مەندە» دېگەن ئىسپاتنى ئالغىنىدەك، توختامغا خىلاپلىق قىلغۇچىدىن ئىسپات - ئاساسلارنى ئېلىپ قويغاندىلا، توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىغا ياخشى ھۆكۈم چىقارغىلى بولىدۇ.

# ھۆججەت ـ ئىسپاتلارغا ئىمزا قويغان ياخشىمۇ ياكى تامغا باسقانمۇ؟

ھۆججەت ـ ئىسپاتلارنىڭ خاسلىقى بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ يېزىلىش، قوللىنىش، بىر تەرەپ قىلىنىش ئۇسۇللىرى، شەكىللىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ئېتىراپ قىلىنىشى بىردەك بولىدۇ. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئاساسىي كاپالىتى قول قويۇش ۋە تامغا بېسىش بولىدۇ. قوشۇمچىلىرى گۇۋاھچى، كېپىل بولغۇچى، ۋاكالەتچى قاتارلىقلار بولىدۇ.

قول قويۇش: ھۆججەت ـ ئىسپاتقا قول قويۇش كېرەك. قول قويغاندىلا ئۇنىڭ قىممىتى بولىدۇ، كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەل ئارا قەرز ئېلىم ـ بېرىم ھۆججەت ـ ئىسپاتلىرىدا كىم قەرزدار بولسا ئالدى بىلەن شۇ قول قويىدۇ، شۇ ئىگە بولىدۇ. گۇۋاھچى، كېپىل بولغۇچى، ۋاكالەتچىلەرمۇ قول قويىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا ھازىر ئېتىراپ قىلىنىۋاتقان خۇسۇسىي ھۆججەت ـ ئىسپاتلاردا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرلا قول قويۇش ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا تەدرىجىي گۇۋاھچى، كېپىل بولغۇچى، ۋاكالەتچىلەرمۇ قول قويىدىغان ھالەت شەكىللىنىشى مۇمكىن.

ھۆججەت ـ ئىسپاتلارغا قول قويۇش ناھايىتى مۇھىم ئىش. ئۇ كۈچلۈك خاسلىققا، قىممىتى يۇقىرى ئارتۇقچىلىققا ئىگە. چەت ئەللەردە تامغا بېسىشقا قارىغاندا، قول قويغانىنىڭ كۈچى كۈچلۈك ۋە ھەقىقىي بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. قول قويۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا

قويىدۇ. چۈنكى قول قويۇش – پوچېركا بىر ئادەمنىڭ خاسلىقى بولۇپ، ئۇنى ھەرقانداق بىر ئادەم ئوخشىتىپ ياسىيالمايدۇ، يازالمايدۇ، قوللىنالمايدۇ. ئوخشاتسىمۇ، ئۇ مەڭگۈ شۇ ئادەم ئۆزى قوللانغاندەك، ئۆزى يازغاندەك، ئۆزى ئادەتلەنگەندەك بولمايدۇ. خۇسۇسىيەت ھەربىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى، ئارتۇقچىلىقى ئارقىلىق يارىتىلغانلىقتىن، ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى بىر ئادەمنىڭ ئوخشىتىپ يېزىشى، قوللىنىشى مۇمكىن بولمايدۇ. چەت ئەللەردە قول قويۇشنىڭ بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلۇشىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ بولسا كېرەك.

قول قويۇش ئەڭ كەڭ قوللىنىلىدىغان، ئومۇملاشقان ئۇسۇل بولۇپ، قاچان، قەيەردە بولسۇن ئۇنى قوللانغىلى بولىدۇ. ئۇ ئارتۇق كۈچ، ۋاقىت تەلەپ قىلمايدۇ. چوڭ شەرتلەر كەتمەيدۇ. پەقەت مۇۋاپىق، قانۇنلۇق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇ بىرقەدەر ئەركىن بولىدۇ. تۇتىشىدىغان ساھەلىرى كۆپ، دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. خۇسۇسىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىسپاتلاردا ئۇنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. ئۇ ھەتتا تامغا ھەم ئۆزىنىڭ رولىنى ئوينىيالايدۇ.

**تامغا بېسىش:** قول قويغانغا قارىغاندا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى زۆرۈرىيىتى كەلسە، ئوخشىتىپ ياساپ باسقىلى، ھەتتا تېپىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق بولۇشىدا تامغىنىڭ خاسلىقى بولمايدۇ، پەقەت ۋاقىتلىق خاسلىقى بولىدۇ. ۋاقىتلىق خاسلىق ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، مەلۇم ئادەم، مەلۇم ئورۇن، مەلۇم تەشكىلاتنىڭ ئورتاق ئىشلىتىدىغان مۈلكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىگىسى بىرلا قانۇنىي ۋەكىل بولسىمۇ، ئىشلىتىلىش شەكلى ئوخشىمايدۇ، كۆپ خىل بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ قول قويۇشقا قارىغاندا ئاجىز بولمايدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە مۇناسىپ قىممىتى بىلەن ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق تامغا ئادەتتە ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئادەم ئىسمى

بىلەن ئىپادىلىنىدىغان تامغا؛ ئىككىنچىسى، ئورۇن، جاي نامى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان تامغا؛ ئۈچىنچىسى، مەلۇم ئادەم، مەلۇم ئورۇننىڭ ئىزاھلاش تامغىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنى، رولى، قىممىتى بولىدۇ. تامغا يەنە خاس تامغا، ۋاكالەت تامغىسى، خۇسۇسىي تامغا قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ. بۇ ئۈچىنىڭ ئىچىگە جەمئىيەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان تامغىلارنىڭ ھەممىسى كىرىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا رولى، قىممىتى بولىدۇ. تامغىنىڭ ۋاكالەتچىلىك خاراكتېرى كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى تامغا مەلۇم ئورۇنغا، مەلۇم تەشكىلاتقا ۋەكىللىك قىلىش رولىغا ئىگە.

**قول قويۇش بىلەن تامغا بېسىشنىڭ مۇناسىۋىتى:** ئادەتتە قايسىسىنى ئىشلەتسە بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئۇلاردىكى پەرق خاسلىقىنىڭ مەركەزلىشىشىدە بولۇپ، ئۇ يەنە ئۆزئارا تولۇقلاش رولىغا ئىگە بولىدۇ. قانۇن كۆپ ھاللاردا تامغا بېسىش بىلەن قول قويۇشنى تەكىتلەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ تامغا شۇ ئورۇنغا ۋەكىللىك قىلسا، قول قويغان ئادەم شۇ ئىشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. تامغا بېسىش بىلەن قول قويۇش بىرلا ۋاقىتتا كەلگەندە، ئۇنىڭ قىممىتى يۇقىرى، ئاساسى كۈچلۈك بولىدۇ. ئەمدى بۇ يەردىكى نازۇك ئىش ــ بۇ ئىككىسىنىڭ دەرىجىسى، قىممىتى ۋە خاسلىقىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدا. چۈنكى بەزى تامغىلارنىڭ قىممىتى يۇقىرى بولمايدۇ، شۇ ئىشنى قىلغان ياكى ۋاكالەت ھوقۇقىنى بەرگەن ئادەم قانداق مۇئامىلە قىلسا، ئۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ئاشكارا ئۈچۈر، ئىلان بېرىپ باشقىلارنى خەۋەرلەندۈرۈشى، قانۇن ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، تامغىنىڭ ۋاكالەتچىلىك، ۋەكىللىك رولى يەنىلا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

قول قويغان ھۆججەت ئىسپاتلارغا باھانە تاپقىلى بولمايدۇ،

تاپسىمۇ ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان باشقا بىر ياكى بىرنەچچە خىل خاس پاكىتنى هازىرلاش كېرەك. ئەمما تامغا باسقان هۆججەت ـ ئىسپاتلارغا هەر خىل باهانە كۆرسەتكىلى، هەتتا ئېلان بېرىش ئارقىلىق يوققا چىقارغىلى بولىدۇ. شۇڭا هۆججەت ـ ئىسپاتلارغا قولمۇ قويۇش، تامغىمۇ بېسىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك.

# قول قويۇش ۋە قانۇنىي جاۋابكارلىق

بانكىدا ئۆچرەتتە تۇرۇشۇمغا بىر كىشى يېقىمدىن تارتىپ:

– ئۇكام بۇنىڭغا قول قويۇپ بەرسىلە بوپتىكەن، – دېدى.

مەن:

– نېمە بۇ؟ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ – دەپ سورىدىم. ئۇ كىشى:

– پۇل چېكىمدىن پۇل ئالاتتىم، قول قويمىسام بەرمەيدىكەن. شۇڭا ئۆزلىرى ئىمزايىمنى قويۇپ بەرسىلە، پۇلۇمنى ئېلىۋالسام، بەك ئالدىراش ئىشلىتەتتىم، – دېدى ماڭا بېسىم قىلغاندەك.

– كەچۈرسىلە، ئۇنداق قىلالمايمەن، پۇلنى كىم ئالسا ئىمزانى شۇ قويۇشى كېرەك، مەن قويۇپ قويسام، پىرىنسىپ جەھەتتىنمۇ، كېيىنكى ئاقىۋەت جەھەتتىنمۇ توغرا بولمايدۇ، – دېدىم ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ.

– قول قويۇپ بەرگەنگە قوللىرى ئۈزۈلۈپ قالارمىدى؟ تۇغقىنىمنىڭ ئايالى ئاغرىپ، جىددىي قۇتقۇزۇشقا كىرىپ قالغان، پۇل ئالاي دېسەم قول قوي دەيدۇ، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئاتا - ئانىمىز ئوقۇتماپتىكەن، ساۋاتسىز قالغان ئىكەنمىز...

– «بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي» دەپ يەنە شۇ ئاتا - ئانىلار گۇناھكارمۇ؟ ئۇلار ئۆگەتمەپتۇ، ئۆزىمىز ئۆگەنسەك بولمامدۇ؟ ئۆگىنىپ كېلىپ قول قويۇپ ئالسىلا!

– قانداق ئاداش بۇ؟ سەندىن باشقا كىمگە دېسەم قول

قويۇپ بېرىدۇ، ئەجەبمۇ تەتۈر بىرنېمە ئىكەنسەن.

— شۇنداق، مەن تەتۈر. ماڭا ئوخشاش تەتۈرلەر بولمىغانلىقتىن، ساڭا قول قويۇپ يامان ئۆگىتىپ قويغان، ئەگەر ساڭا خالىس غالچىلىق قىلماي، ماڭا ئوخشاش بىرقانچە قېتىم تەتۈرلۈك قىلغان بولسا، بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ ياكى گۇناھكار داداڭنى قول قويدۇراتتىڭ، ياكى بولمىسا سېسىق كالالاڭنى ئىشقا سېلىپ خەت يېزىشنى بىلەتتىڭ.

— قانداق نېمە بۇ؟

— تېخىمۇ ئوبدان گەپ ئاڭلىغۇڭ بارمۇ ياكى زۇۋانىڭنى يىغامسەن!؟ — دېدىمەن زەردە بىلەن.

بانكىنىڭ چارلاپ يۈرگەن تەرتىپ ساقلىغۇچىسى يېنىمىزدا پەيدا بولۇپ، ھېلىقى ئادەمنى تارتىپ كەتتى ۋە:

— كاللىلىرىنىڭ سۈيى بارمۇ قانداق؟ يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، كىم بولسۇن ئالىدىغان پۇلنى ئۆزى قول قويۇپ ئېلىشى كېرەك. بىر كىم قول قويۇپ بەرسە بولمايدۇ. ئۆزلىرى قول قويۇشنى بىلمەي باشقىلارغا ھۆتۆت - پۆتۆت دېسىلە بولمايدۇ. ھارام مۇشت لازىم ئادەمكەنلا، — دېدى.

— جىددىي پۇل لازىمتى شۇ... — دېدى ئۇ.

— پۇل دېگەن ھەممە ئادەمگە لازىم ئاكا، سىلى مۇتتەھەملىك قىلماي، بىر ئامال قىلسىلا. بۇ يەردىكى ئادەملەرنى قول قويۇپ بەر دېسىلە ياكى پۇلنى ئۇ ئادەم ئالمىسا، ياكى ئۇنىڭ بولمىسا، نېمە دەپ قول قويۇپ بېرىدۇ؟ ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى، جاۋابكارلىقى بار ئىش قارىسىلا! ھېچ بولمىسا، ئۆزلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىشنىمۇ ئۆگىنىپ قويمىدىلىمۇ؟

— ياق...

— سىلىگە گەپ قىلغان ئادەممۇ ئەخمەقكەن ئەمەسە!

ساقچى ئۇنى كۆزنەككە ئاپىرىپ ئەھۋالنى دېۋىدى، بانكا

خادىمى: «ئۆزى قول قويسۇن، بولمىسا پۇل چىقىم قىلىپ بېرەلمەيمەن. ئۆزۈمنىڭ پۇلى دېسىمۇ، پۇل بېرەلمەيمەن. باشقىلارغا قول قويدۇرسا تېخىمۇ بولمايدۇ» دېدى. «بولمىسا ئىنقىلاپ بېقىڭ، پۇل مېنىڭ، ئۇكام!» دېدى ھېلىقى كىشى. «ئۇ راست. ئۆزلىرى قول قويسىلا، بولمىسا تۇرۇشلۇق جايلىرىدىن تامغا باستۇرۇپ كەلسىلە» دېدى بانكا خادىمى چۈشەندۈرۈپ. «نېمە ئاۋارىچىلىك بۇ؟ پۇل دېگەننىمۇ بانكىدا قويامدۇ كىشى» دەپ غۇدۇردى ھېلىقى كىشى.

«پۇلنىڭ بىر ئۇچى يۇرەكتە، بىر ئۇچى بىلەكتە» دېگەن شۇ، بۇ بانكىنىڭ نۇرغۇن پۇلنى تۇتۇپ تۇرىدىغان، ئوبوروت قىلىدىغان، بانكىدا پۇلى بارلارغا تۇتقان خىزمەت تەرتىپى. بۇنىڭ نۇرغۇن مۇھىم ئاساسى ۋە پايدىلىق تەرىپى بار. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، پۇلنى تۇتقاندا شۇنداق تۇتۇش، پۇلنى باشقۇرغاندا شۇنداق باشقۇرۇش، بىر تەرەپ قىلىش مۇھىم خىزمەت. پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس شۇنداق بىر قىسىم تەدبىر، تەرتىپلىرى بولىدۇ. شۇ قائىدە ـ تەرتىپلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك ھەربىر ئىھتىماللىقى بولغان ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرسىنىڭمۇ مۇناسىپ بولمىغان تەرىپى يوق. بانكىلار بايىقىدەك چىڭ تۇرۇش، تەرتىپنى قاتتىق ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. بۇ بانكىلار ئۈچۈن ئورتاق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەربىر ئادەمگە قەدەر ئورتاق چىقىش يولى دەپ قارىساق بولىدۇ.

بىز يۇقىرىدا بەزى ئىشلارنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. مەيلى بىز ھۆججەت ـ ئىسپاتقا قول قويايلى ۋە مەيلى باشقا تۈردىكى ئىشلارغا قول قويايلى، ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. يۈزەكى قاراش بىلەن ئۆزىمىزنى كىشەنلەپ

قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەم مەجبۇرىيىتى، قانۇني جاۋابكارلىقى بار ئىش. كونىلاردا: «كوزا كۆندە سۇنمايدۇ، كۈنىدە سۇنىدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار. بايىقى ئادەمنىڭ پۇل ئېلىش تالونىغا قول قويۇپ بەرسەك، ئۇ چاغدا، ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىسە ئۆتۈپ كېتىدۇ، تۈگىمىسە، ئۇ چاغدا جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى قەشقەر شەھىرىدىكى بانكىدا مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى: ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئالدىدىكى ئوردا ئالدى بازىرىدا رەخت تىجارىتى قىلىدىغان بىر دوستۇم بىر كۈنى بانكىغا پۇل ئامانەت قويغىلى كىرگەنىكەن. قايتىپ چىقىۋاتسا، بېشىغا سەللە ئورىغان بىر مويسىپىت كىشى پۇل ئېلىش تالونىنى كۆرسىتىپ: «بىزنىڭ ھاجىم 50 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ كىرسىلە دېگەنىدى بالام، مېنىڭ ساۋاتىم يوق، پۇلنى ئالالمىدىم، قول قويۇپ بەرگەن بولسىلا ساۋابى دۇئا قىلاتتىم» دېگەن. ئاغىنەم مويسىپىتنىڭ سالاپىتى، مۇلايىم مۇئامىلىسىگە ۋە ئۆزىگە سائادەت تىلىشىدىن سۆيۈنۈپ، قول قويۇپ بەرمەكچى بولۇپ ئىسمىنى سورىغان، ھېلىقى كىشى: «بۇ داموللا ھاجىمنىڭ پۇلى ئىدى، شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بەرسىلىرى بولىدۇ، ئۇكام.» شۇ چاغدا ئاغىنىمىز بانكا خادىمىدىن سورىغاندا، بانكا خادىمى: «قول قويۇپ بېرىۋەرسىلە، بۇ ئاكىمىز ئىشەنچلىك، داموللا ھاجىم ھەمىشە مۇشۇ كىشىگە پۇل چېكىنى بېرىپ، پۇل ئاجرىتىپ كېتىدۇ. ئۆزى ماڭا شۇنداق تاپىلىغان» دېگەن. ئاغىنىمىز قول قويۇپ بېرىپ چىقىپ كەتكەن.

ئاردىن بىر ئايدەك ئۆتكەندە، ئىككى ساقچى ئاغىنەمنى ئىزدەپ، قول قويۇپ بەرگەن ئىشنى سۈرۈشتە قىلغان. ئۇ ۋەقەنى دەپ بەرگەن ھەم قول قويۇپ بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. ساقچىلارمۇ سوراق خاتىرىسىگە قول قويغۇزغاندىن كېيىن، بىز

بىلەن ساقچىخانىغا بارسەن دەپ ئېلىپ ماڭغان. كېيىن 50 مىڭ يۈەن تاپشۇرساڭ، ئاندىن سېنى كېپىللىككە قويۇپ بېرىمىز ، بولمىسا توختىتىپ قويۇپ، دېلو ئاخىرلاشقاندا بىر تەرەپ قىلىمىز دېگەن. ئاغىنەم ھاڭ - تاڭ قالغان. ئۇ ساقچىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن ھەممىنى بىلگەن. ئاغىنەم ئاكىسىغا دەپ، 50 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇپ، چىقىپ كېتىپ تۇرغان.

ئەسلىدە ئۇ كىشى دامولla ھاجىمنىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدىغان كىشى بولۇپ، ئۇ بىر قېتىم دامولla ھاجىمنىڭ يانچۇقىدىن چۈشۈپ قالغان 200 مىڭ يۈەنلىك نەق پۇل چېكىنى ئۇچراتقان ھەمدە قورسىقىغا جىن كىرىپ، تۆت قېتىمدا 200 مىڭ يۈەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ يوقاپ كەتكەن. ئارىدىن 20 كۈن ئۆتۈپ، دامولla ھاجىم بانكىغا بېرىپ، پۇلنى سۈرۈشتە قىلغاندا، ھېلىقى كىشىنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن. ئۇ ئادەمنى تاپالماي، دېلو مەلۇم قىلىپ، پۇلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ج خ ئىدارىسى بۇنى ئالدامچىلىق دەپ قاراپ، دېلو تۇرغۇزغان ۋە مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنى سۈرۈشتە قىلغان. زاڭ مالنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن چېتىشلىق ئادەملەرنى بىرمۇ بىر تۇتۇپ، 200 مىڭ يۈەننى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. قول قويغان تۆت ئادەم، بانكا خادىمى قاتارلىق بەش ئادەم بۇ دېلوغا چېتىلىپ قېلىپ، بارلىق زىياننى تۆلەشكە مەجبۇر بولغان، ئىككى يىلدىن كېيىن ئالدامچى تۇتۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۆلىگىدەك ھېچ نەرسىسى بولمىغانلىقتىن، ئاغىنەم قاتارلىقلارنىڭ پۇلى ئەسلىگە كەلمەي، ئۇزاققىچە زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرالمىغان؛ بانكا خادىمى ئىشتىن توختىتىغان، قالغان قول قويۇپ بەرگەنلەرمۇ ئۈۋالچىلىققا، قەرزدارلىققا قالغان. قاغىلىق ناھىيەسىدە قۇرۇلۇش ھۆددە ئېلىپ ئىشلەيدىغان بىر تامچى بولۇپ، بىرقانچە يىل ئىلگىرى ئىككى قەۋەتلىك بىر قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالغان.

بىراق قورۇلۇش ئىگىسى قورۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ۋاقتىدا ئېلىپ بەرمىگەنلىكتىن، قورۇلۇش توختامدا پۈتۈشكەن ۋاقتىدا پۈتمىگەن. قورۇلۇش ئىگىسى ھىيلە ئىشلىتىپ: «قورۇلۇشۇڭ يېزا مۆھىتىغا تەسىر يەتكۈزدى، قورۇلۇشنى دەرھال پۈتتۈر دەپ بېسىم قىلدى، باشقا باھانە تاپالمىدىم، شۇڭا سىز قورۇلۇش پۈتتۈرۈشنى مەن كېچىكتۈردۈم، مەسئۇلىيەت مەندە دەپ يېزىپ بەرسىڭىز، شۇنى ئەكىرىپ كۆرسىتىپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالسام» دېگەن. ساددا تامچى ماقۇل بولۇپ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىسپات يېزىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن قورۇلۇش ئىگىسى قورۇلۇشنى ئەمدى قىلدۇرمايمەن دەپ، تامچىنىڭ ئىش ھەققىنى بەرمىگەن ھەم قورۇلۇشنىڭ چالىسىنى قىلغىلى قويمىغان. ئۇلار ئاخىرى سوتقا سۆرىشىپ بارغان. سوتتا تامچىنىڭ قورۇلۇشنى مەن كېچىكتۈرۈپ قويدۇم دېگەن ئىسپاتى ئاساسىي پاكىت قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن تامچى دەۋادا ئۇتتۇرۇپ قويغان. بۇنداق ئىشنى پەقەت ئەخلاق چەكلىمىسە، باشقا ۋاستە چەكلىيەلمەيدۇ، ھەل قىلالمايدۇ، توغرا يەكۈن چىقىرالمايدۇ. بۇنىڭ ئاچقۇچى يەنىلا ئۆزىمىزدە. ئۆزىمىزنىڭ پاراسىتى، ئىقتىدارى ۋە سەمىمىيىتىمىزدە بولىدۇ.

بىز بۇلاردىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، قول قويۇش كۈچلۈك مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتكە تەۋە ئىش بولۇپ، قارىسىغا قول قويۇشقا، كۆڭۈل ئاياپ قول قويۇشقا، تونۇش دەپ قول قويۇشقا، ئىچ ئاغرىتىپ، ئىشنى قىلىۋالسۇن دەپ قول قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى بىر ئىشتا ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بولىدىكەن، ئۇنى ئادا قىلىش كېرەك. ئادا قىلىش ئۈچۈن مەجبۇرىيەت بولىدۇ. مەجبۇرىيەت بىر خىل جاۋابكارلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەخلاق ۋە قانۇندىكى تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلماي بولمايدۇ.

# ئىلىم - بېرىمدىكى ئاچچىق - چۈچۈك نىدالار

# پۇلدىكى مەنىۋى ئىسكەنجە

ئىلگىرى مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ ناھايىتى ۋەزمىن، جانلىق بايان ئارقىلىق ئادەمنىڭ پۇلغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى ئېچىپ بەرگەن ھەمدە مەندە كۈچلۈك تەسىر قالدۇرغانىدى. مەن شۇ بايانلارنى كىتابخانلارغا ھەدىيە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

پۇل شۇ قەدەر سېھرىي كۈچكە ئىگە نەرسىكى، سىز ئۇنى بىراۋغا بېرىدىغان چاغدا ھەقىقەتەن بەرگۈڭىز كەلمەيدۇ؛ ناھايىتى كۈچلۈك مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى بولمىسا، سىزنىڭ ئۇنى خەجلىگىڭىز كەلمەيدۇ؛ مۇبادا مەردلىكىڭىز تۇتۇپ تاسادىپىي خەجلىگەن چېغىڭىزدا، شۇ قەدەر مەرد، شۇ قەدەر سېخى كۆرۈنىسىڭىزمۇ، ئۇ سىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىچكى ماھىيىتىڭىزنى ئېچىپ بېرەلمەيدۇ. ئەدناسى قولىڭىز بىلەن يانچۇقىڭىزنىڭ ئارىلىقى شۇنچىلىك يېقىن بولسىمۇ، پۇلنىڭ سىزدىكى ئىچكى بېقىندىچىلىق ۋە شۇ قەدەر قىسىپ ئىشلىتىشتەك ھېرىسمەنلىكىڭىزنىڭ كۈچلۈك تارتىش كۈچى سەۋەبىدىن شۇنچىلىك يىراق ئىكەنلىكىدەك تۇيغۇغا چۆمۈلمەي قالمايسىز. مەيلى سىز كىم بولۇڭ بۇنداق تۇيغۇدىن مەڭگۈ يىراق بولالمايسىز، قۇتۇلۇپ كېتەلمەيسىز! پۇلنى مەردلىك بىلەن شاراقلىتىپ خەجلىگەن ۋاقتىڭىزدىمۇ كۆڭلىڭىزنىڭ بىر يەرلىرىنىڭ نەلەرگىدۇر تارتىشىۋاتقانلىقىنى سەزمەي قالمايسىز. چىرايىڭىز پۈرۈشمىگەندەك تۇرسىمۇ، ھېچبولمىسا باشقىچە

بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز، ئۇنداق ئەمەس دەپ كەسكىن ھۆكۈم قىلغان چاغلاردىمۇ ئۇنىڭ بىردەملىك ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى كېيىن چۈشىنىپ يېتىسىز: سىز ئۆزىڭىزگە مەن پۇلنى بىھۇدە خەجلىمىدىم دېگەن چاغلاردىمۇ، ئۇنى خەجلەپ تاشلىغىنىڭىزغا رازىلىقىڭىزنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىسىز، ئاشۇ پۇللارنى يانچۇقىڭىزدا، بانكا ئامانەت چېكىدە تۇرسىكەن، ئۆسۈم قوشۇلۇپ كۆپىيىپ بارسىكەن، دېگەن ئۈمىدتە بولىسىز. بىراۋدىن ئالىدىغان پۇلغا كەلگەندە قانداق ھېسسىياتتا بولىسىز؟ بۇنىڭ ھەۋىسى، دەي - دەيلىرى تېخىمۇ كۈچلۈك، رەھىمسىز بولىدۇ. بۇنداق چاغدا ئادەمنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، تەقەززالىقى دەل شۇنداق بولغانلىقتىن، ئاشۇنداق چاغدا، سىز ئۆزىڭىزدىن چىقىپ كەتكەن پۇلغا ئاھ ئۇرغان، چىدىمىغان چاغدىكى ھېسسىياتلارنى ئۇنتۇلىسىز. مەندە بولغاندەك تۇيغۇ باشقىلاردىمۇ بار دېگەنلەرنى پەقەت ۋە پەقەت خىيال قىلمايسىز. پۇل بەرگۈچىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ باشقىلارغا پۇل بەرگەن چاغدىكى ھېسسىياتىڭىزنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرمەيسىز؛ ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ مېنىڭكىدە بار تۇيغۇ، چىدىماسلىق، قىسىش، قولىدىكى پۇلنى چىقىرىۋېتىشتىن ساقلىنىش روھى بارلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭمۇ پۇلنى چىقىرىشنىڭ ئاسان ئەمەس ئىكەنلىكىنى خىيال قىلمايسىز.

مانا مۇشۇ ئىككى خىل تۇيغۇ بىر خىل رەۋىشتە زاھىر بولىدىغان ئورتاقلىق كىشىلىك تۇرمۇشتا ئىزچىل داۋاملىشىدۇ، ساقلىنىدۇ. ماددىي مەنپەئەتنىڭ ئاساسى بولغان تۇرمۇش ۋاستىسى - پۇل كىشىلەرنىڭ قەلبىدە بىردەك مۇھىم ۋە كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقتىن، بۇ تۇيغۇ چوقۇم قارشى تەرەپتىمۇ ئوخشاش، ھەتتا بىردەك مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ پۇلى يوق نامراتلار، بىچارىلەردىمۇ ئوخشاش بولىدۇ. پۇلى ھەددىدىن زىيادە

كۆپ، دامكەش، تەكەببۇر، داغباز كىشىلەردىمۇ، پىخسىق كىشىلەردىمۇ بولىدۇ. چۈنكى پۇلغا يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك مۇئامىلە قىلغان ۋە ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا پۇل تاپالايدۇ، باي بولالايدۇ. ئەنە شۇ تۇيغۇ بايلارنى بايلىققا، مال - مۈلۈك ۋە پۇلغا ئېرىشتۈرىدىغان قورال بولىدۇ.

يەھۇدىيلاردا مۇشۇنداق تۇيغۇ ئەڭ كۈچلۈك بولغان. ئۇلار ئازاب - ئوقۇبەت، نامراتچىلىق، بىچارىچىلىكنى ئەڭ كۆپ تارتقان. دۇنيانىڭ ھەممىلا جايىغا تارقىلىپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يولىنى پۇل تېپىش، پۇل توپلاشتىن تاپقان. ئۇلاردىن مىليونلاپ پۇل تاپقان باي، كاتتىلار بارلىققا كەلگەن. ئۇلار تارىخنىڭ قۇرۇق گەپ، خىيال ۋە پو ئېتىش بىلەن يارالمايدىغانلىقىنى تونۇپ، پۇلنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئىنسانىي ھوقۇقىنى، كىشىلىك تۇرمۇشىنى پارلاتقان، بارلىق كۈچ بىلەن پۇل توپلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، پۇل ئارقىلىق ھاياتلىق موھتاج بولغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ياراتقىلى، ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن. كىشىنىڭ پۇل ھوقۇقىنى كۆپ ھاللاردا يەنە بىر ياكى بىرقانچە كىشى چەكلەپ بولالمايدۇ، توسۇۋالالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار دۇنيانىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ پۇلغا موھتاج بولۇشتەك بوشلۇقىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش يولىنى تۇتقان. بۈگۈنكى كۈندە دۇنياغا داڭلىق كاتتا بايلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاشۇ يەھۇدىيلار، دۇنيادىكى كاتتا ئالىم، مۇتەپەككۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى يەنە ئاشۇ يەھۇدىيلار! دېمەك، بۇنىڭدىن دۇنيا ماھىيىتىنىڭ پۇلغا باغلىقلىقىنى ھېس قىلىمىز.

بىز بىر قارىساق، كاتتا بايلارنىڭ ھاياتلىق ئالىمىدىكى كەچۈرمىش، ساۋاقلىرى ۋە تەقدىرىدىكى ئاددىيلىقتىن پۇل، مال - مۈلۈكنىڭ ھامان ئادەمگە تۈۋرۈك بولالمايدىغانلىقىنى

كۆرەلەيمىز. بۇلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئاشۇ پۇللارنى بىر دۆۋە قەغەز ياكى بىر دۆۋە مېتال دەپ يەكۈن چىقىرىشتىنمۇ خالىي بولالمايمىز. بىراق ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلمەيمىز. چۈنكى كېيىنكى خۇلاسە، ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن، پۇل بولمىسا بولمايدۇ. شۇ چاغدا ئادەم يەنىلا ھېلىقى ئۆلمەس قايتىلاپ تۇرغان ئىسكەنجىدە يانجىلىشنى راۋا كۆرمەي مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئادەم ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ ئاخىرقى پەللىسىگە تەۋە بولغان مىنۇتلاردىمۇ پۇلنى قەدىرلەپ، پۇل بىلەن تويۇنۇپ ئالەمدىن ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. كەلگۈسىدىكىلەر ئۈچۈن سەرپ قىلىنىشىنىڭمۇ خاسىيەتلىك ئىش بولىدىغانلىقىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

پۇل مانا مۇشۇنداق سېھرىي كۈچكە ئىگە، شۇڭا بەرگۈچىنىڭ بېرىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ بەرگۈسى كەلمەيدۇ. ئەمما كىشىلىك تۇرمۇشتا پۇلدىن ئىبارەت ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى بولغاچقىلا تۇرمۇش جانلىنىدۇ، ھايات گۈزەللىشىدۇ، ئۇنىڭ كىشى ئىدىيىسىنى چىرىتىشكە قارىغاندا، ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش كۈچى زور بولىدۇ. شۇڭا ھەركىم ھەر ۋاقىت پۇل ئېلىم - بېرىم قىلىشتىن پەقەت خالىي بولالمايدۇ. مۇبادا سىزنىڭ باشقىلاردىن ئېلىشقا تېگىشلىك پۇلىڭىز بولسا، چوقۇم پۇلنىڭ يۇقىرىدا دېگەندەك تۇيغۇلىرىنى كۆڭۈل ئالبومىڭىزدىن چىقىرىۋەتمەڭ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سەۋرچان، سالماق بولۇڭ، پۇل ئېلىم - بېرىمدا ئۆلچەملىك، قانۇنلۇق ھۆججەت ئېلىۋېلىشنى؛ ئېھتىياتچان، قىزغىن، سەممىي بولۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

# هۆججەت ۋە هېسسىيات

دوستىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈن زىياپىتىدە قەرز پۇل ۋە بىراۋغا پۇل بېرىپ تۇرۇش توغرۇلۇق پاراڭ بولدى:

— بىلىشىدىغان، كۆڭلى يېقىن ئادەم بولسا، پۇل بەرگەندە هۆججەت ئالماي بەرسىمۇ بولىدۇ، — دېدى دوستۇمنىڭ ئاكىسى.

— بىراق هازىر بىلىشىدىغان، ئىشىنىدىغان ئادەملەردىمۇ ئىنساب يوق بولۇپ كەتتى، ياخشىسى پۇل بەردىڭمۇ، هۆججەت ئال، ئىسپات يازدۇر. ئىشنىڭ ئوڭى شۇ. ئادەم هېلى بار ئەتە يوق نەرسە. ئۇنىڭ ئۈستىگە هەممە نەرسە سۇنئىيلىشىپ كەتكەچكە، تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىش كۆپ يۈز بېرىۋاتىدۇ.

— ئۇنى دېسە ساق ئادەممۇ ئۆزىگە ئىشىنەلمەس بولۇپ قالدى. بۇرۇنقى ئادەملەر بەك ئىنساب - دىيانەتلىك، ساپ دىل، سەمىمىي ئىكەن. بىر ئادەمنىڭ نەرسىسىگە پەقەت قارا سانىمايدىكەن. هازىر بىر قىسىم ئادەملەر نېمە بولۇپ كەتتى، هە دېسە نومۇس قىلماي ئادەم ئالدايدىغان، قىلغان گېپى ۋە قىلغان ئىشىدىن يېنىۋالىدىغان، ئېلىۋالسا بەرمەيدىغان، يەۋالسا قايتۇرماي گۆشىيىپ تۇرۇۋالىدىغان قارا نىيەت بولۇپ كەتتى، ئىنساب - دىيانەت دېگەن نەرسە يوق، بۇرۇن پۇل بەرسەم بەرمىدى دەيدىغان گەپ يوق ئىدى. هازىر سوتقا كىرسە، هە دېسە قەرز بېرىپ ئالالمىغان ئادەملەر...

— نۇرغۇن ئىش ئىجتىمائىي ئېقىمغا باقىدۇ، — دېدىم مەن لوقما سېلىپ، — بۇرۇنقىلار تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي،

ئەخلاق - پەزىلىتى ساپ ئادەملەر ئىدى. ھازىرمۇ شۇنداق ئادەملەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ، بىراق دەۋر ئۇخشىمايدۇ، ھازىر ھەممىدە پۇلغا قاراپ ئىش قىلىدىغان ھالەت مەۋجۇت، ئىلگىرى نېمە بولسا شۇنى قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. كۆپلىگەن ئادەم خالىس ئىش قىلىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى، شۇنداق پىرىنسىپنى ئۆلچەم قىلاتتى. ھازىرقىدەك ماددىي ۋاستىنى ئۆلچەم قىلمايتتى. نۇرغۇن ئىشقا سەممىي ھېسسىيات بولسىلا كۇپايە قىلاتتى، بىراق ھازىر ھەر ئىككىسى بولمىسا بولمايدۇ، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى ئىجتىمائىي ئېقىمنىڭ تەسىرى ۋە تۇرتكىسى بىلەن ئۆزگىچە خاس ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مۇھىتى ۋە جەمئىيەت، تۇرمۇش ئېقىمى كەيپىياتىنى پەيدا قىلدى. ئادەملەر مانا مۇشۇنداق دەۋرلىك قايىنامدىكى ھەم شەيتان، ھەم قورچاققا ئايلاندى. ئېقىمنى بويلاپ مېڭىش بەدىلىگە كونا نەرسىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، يېڭى شەيئىلەرگە چوقۇندى، ئېقىندى ۋە ئۇمۇمىي رىتىمغا ماسلىشىپ، ئۆزىنىڭ روھىنى يېڭىلاپ، ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇشقا يۈزلەندى. شۇڭا قەرز پۇل بەرگەندە ھۆججەت يازدۇرماسلىقتا قارىتا كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى ھالىتى، ئىشەنچلىك دەرىجىسى، ياراتقان ئوبرازى قاتارلىقلارغا قاراش شەرت قىلىنىدىغان بولدى. مېنىڭ قارىشىم : قەرز بەرگەن، ئالغان ئىكەن، ھۆججەت - ئىسپات قىلىپ قويۇش كېرەك.

— سىزنىڭچە، ئىنى - سىڭىللىرىمىزدىنمۇ ھۆججەت ئالساق، يامان ئىش ئەمەس ئىكەن - ھە؟

— شۇنداق، چۈنكى، ئۇ قارىماققا بەك ئاددىي، بىراق سەل قاراشقا بولمايدىغان ئىش، — دېدىمەن چۈشەندۈرۈپ، — قەرز ئېلىش - بېرىشتە ھېسسىياتقا تايانغان بىلەن بولمايدۇ. چۈنكى پۇل ماددا ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى، ئۇ ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش

ۋاستىسى بىلەن قەتئىي ئوخشىمايدۇ.
— مۇبادا قەرز پۇلنى بەرگەن ئادەم ھۆججەت ئالمىسا، قەرزدار تېنىۋالسا، سوتقا ئەرز قىلسا سوت ئېلىپ بەرمەمدۇ؟
— سوت شۇ ئادەمنىڭ ئىسپاتىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قارايدۇ. ھەقداردا راستىنلا ئىسپات بولمىسا، قەرزدار سوتتا تېنىۋالسا، سوتمۇ بۇيرۇپ بېرەلمەيدۇ - دە.
— گەپمۇ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىمۇ مۇشۇ يەردە. ئەگەر قەرز پۇلنى قەرز ئىگىسىگە بەرمەي ياكى باشقا سەۋەب بىلەن قايتۇرماي، سوتتا مەن ئالمىدىم دېسە، ھەقدارنىڭ قولىدا ئىسپات بولمىسا، قانۇنىي جەھەتتىن قوللىمايدۇ. ئەگەر سىز يالغان ھۆججەتتىن بىرنى يازسىڭىز، ئۇنىڭ ساختىلىقىغا قارشى تەرەپتىن ئىسپات - ئاساس ئېلىۋالمىسىڭىز، كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىزگە ساختا ھۆججەت يازدۇرغۇچى ئۈستىڭىزدىن سوتقا ھەق تەلەپ ئەرزى قىلسا، تەبىئىيكى شۇ ساختا ھۆججەتتىكى پۇلغا سىز قەرزدار بولۇپ قالىسىز، چۈنكى ھۆججەت راست، باشقىلارمۇ راستلىقىنى كۆردۇ، پەقەت سىز ۋە قارشى تەرەپلا ئۇنىڭ ساختىلىقىنى بىلىسىلەر. ئۇنى ھېسسىي جەھەتتىن پاكىت دەپ قارايسىلەر، ئەمما ئۇنى ئۆزىڭىز ئېتىراپ قىلسىڭىزمۇ، قارشى تەرەپ ئېتىراپ قىلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىز يازغان يالغان - ساختا ھۆججەت راستقا ئايلىنىدۇ. شۇڭا كىم بولسۇن، پۇل ئېلىم - بېرىمدا ھۆججەت - ئىسپات تۇرغۇزۇشى، ھېسسىياتقا بېرىلمەسلىكى كېرەك. بۇ ئىشتا كىم ھېسسىياتقا بېرىلىدىكەن ھەسرەت ۋە پۇشايمانغا قالىدۇ.
ئالدىنقى كىتابلاردا تىجارەتتە ھېسسىياتقا بېرىلىشنىڭ ناھايىتى زىيانلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە توختالغانىدىم. بۇ يەردىمۇ يەنىلا شۇنداق دەيمەنكى، ھۆججەت يازغاندىمۇ ھېسسىياتقا بېرىلىشكە قەتئىي بولمايدۇ. سەۋەبى ھۆججەت گەرچە نوقۇل

بولمىسىمۇ، قانۇن ئېتىراپ قىلىدىغان ماددىي بۇيۇم. ماددىي بۇيۇم بولغانىكەن، ئۇنى ئىشلەتكىلى، قىممەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. دېمەك، ئۇ گەرچە ئاددىي بىر قەغەزگە يېزىلغان قارىسى سىياھ، ئېقى قەغەز، يىرتىۋەتسە بولىدىغان نەرسە بولسىمۇ، ماددا بولۇشتىكى خاسلىقى ۋە ئىپادىلەنگەن مەزمۇندىكى قىممىتى بىلەن ئالماشتۇرۇش، پايدىلىنىش ۋاسىتىسى بولالايدۇ.

هۆججەت ـ ئىسپات، ئاساسلار ئۆزىنىڭ ماددىي ۋاستە بولۇش خاسلىقى بىلەن يەنە پۇل ۋە ئالتۇننىڭ رولىنى ئالالايدۇ. چۈنكى هۆججەت بىلەن پۇلنىڭ، هۆججەت بىلەن ئالتۇننىڭ هېچقانداق قىممەت پەرقى بولمايدۇ، پەقەت ئۇلار ئارىسىدا شەكىل پەرقى بولىدۇ. شەكىل پەرقى ئۇلارنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىۋېتەلمەيدۇ هەم مۇناسىۋەتسىز قىلىۋېتەلمەيدۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى شەكىل پەرقى بىرسى ئەينەن بارلىقى، يەنە بىرسى بارلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن نامايان بولىدۇ. مەسىلەن، هۆججەت ـ ئىسپات مەلۇم نەرسىنىڭ، مەلۇم ماددىي، مەنىۋى نەرسىنىڭ بارلىقىنى، بار ئىكەنلىكىنى، قايتۇرۇۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئۇ نەق شۇ ماددىي نەرسىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىن ماددىي نەرسىگە ئايلىنىدىغان هەم شۇنداق قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، هۆججەت ـ ئىسپاتتىكىلىرى ماددىي نەرسىنىڭ نەق ئۆزى بولماستىن، ئۇنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن ئىپادىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى يەنە بىر جەھەتتىن ماددىي بۇيۇمنىڭ يېزىق شەكلى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. نەق پۇل، ئالتۇن دېگەندەك ماددىي ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ هەممىسى مەۋجۇت، قىممىتى ئۆزى بىلەن شۇ هامان نامايان بولىدىغان، شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن هالىتىنى كۆرسىتىدۇ؛ هۆججەت ـ ئىسپات بولسا، شەكىل جەھەتتىن

پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن، قىممىتى شۇ ھامان نامايان بولمايدىغان، ئەمما ئالماشتۇرغىلى ۋە ئىشلەتكىلى بولىدىغان ۋاستە. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، مەيلى قانداق بولسۇن، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇ قىممەتكە ئىگە ماددا.

خوش، ھۆججەت - ئىسپات يېزىشتا ھېسسىياتقا تايىنىشقا پەقەت بولمايدۇ. ئەمىسە، بۇ ئىككىسىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

ھېسسىيات ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇيدىغان بىر خىل مەنىۋى ھېس، ئۇنىڭ شەكلى بولمايدۇ، شەكىلسىز بولغان ئىكەن، تەبىئىيكى ئۇ ماددىي نەرسىمۇ ئەمەس. شۇڭا ئۇ ماددىي بۇيۇمغا ۋەكىللىك قىلىشتەك ئالاھىدىلىك، خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس. ئۇ ئادەم تەپەككۇرىنىڭ تېيىز - چوڭقۇرلۇقى جەريانىدا پەيدا بولىدىغان، ھاسىل بولىدىغان تۇيغۇنىڭ ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ماددا بولۇپ شەكىللىنىشى كەمدىن - كەم بولىدۇ. يەنى ئۇ دەسلەپتە ھەرىكەتكە ئايلىنىشى، ھەرىكەت نەتىجە ھاسىل قىلىشى، نەتىجە ماددىغا ئايلىنىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇ ئەسلىدىكى ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ ئەھمىيەتلىك نەرسىگە ئايلىنىدۇ. بولمىسا ئۇ كىشىنىڭ قەلبىدىكى ئۆزى ئېتىراپ قىلىدىغان، باشقىلارغا تاڭغىلى بولمايدىغان تۇيغۇنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. دېمەك، ئۇ مەنىۋى ھاسىلات بولۇپ، ماددىي نەرسىلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە ماددا ئالمىشىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولىدۇ. بۇ قانۇنىيەتنى ئاتا - بوۋىلار نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى يەكۈنلەپ بولغان. شۇڭا، ماددىي نەرسە يارىتىدىغان ھەرقانداق ئىشتا ھېسسىياتنى ھامىي قىلىشقا ۋە ھېسسىياتقا بېرىلىشكە بولمايدۇ. بىز ماددىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشىمىز كېرەك. چۈنكى ماددا كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان

ئاشكارا نەرسە بولۇپ، ئۇ يەنە ماددا ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە.

نۇرغۇن ئادەملەر ھەمىشە ماددا بىلەن ھېسسىياتنى ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ. ماددىنى ھېسسىيات ئورنىغا، ھېسسىياتنى ماددا ئورنىغا قويۇۋالىدۇ. ئاقىۋەتتە زىيان، ئاۋارىچىلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. شۇڭا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئېلىم - بېرىمدا ھۆججەت - ئىسپات يېزىش كېرەك. ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىدا ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرىپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن ھەرقانداق ئادەم ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ.

ھۆججەت - ئىسپات قارىماققا بىر پارچە قەغەز، ماھىيەتتە ئۇ قانۇنلۇق، ئېتىراپ قىلىنىدىغان، ئۆلچەملىك بولسا، پۇلنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. دېمەك، ھۆججەت - ئىسپات پۇل دېمەكتۇر.

بۇ يەكۈننى يۇقىرىقى بايانلاردا يېشىپ ئۆتتۇق. يەنىمۇ كونكرېتلاشتۇرساق، ھۆججەت - ئىسپات پۇلغا، كىمنىڭدۇر مال - مۈلكى، ھەتتا ئەڭ نازۇك، مۇھىم نەرسىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىش، ۋاسىتىچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. ماددا ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى بىلەن شۇغۇللانغاندا، يەنى سودا - سېتىق، قەرز ئېلىم - بېرىمى قىلغان، تۈرلۈك ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندا، كىمكى ھېسسىياتقا بېرىلسە، ھۆججەت - ئىسپاتقا سەل قارىسا، ئېنىقكى شۇ مەغلۇپ بولىدۇ، مەيلى قانداق ئەھۋال بولسۇن، ئويناشقاندەك، كۆزگە ئىلمىغاندەك مۇئامىلە قىلىدىكەن، ئىشنىڭ ئاقىۋىتى شۇ كىشى ئويلىغاندەك ياخشى بولمايدۇ. ھۆججەت - ئىسپات بىلەن ئويناشقانلىق، ماھىيەتتە، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى، پۇلى، مېلى بىلەن ئويناشقانلىق بولىدۇ، ماددىي نەرسىلەر بىلەن ئويناشقانلىق يەنە بىر جەھەتتىن جېنى بىلەن ئويناشقانلىق

بولىدۇ. كونىلار مېلى بىلەن ئويناشقانلىق جېنى بىلەن ئويناشقانلىق دەپ قارايدۇ. ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلساق ۋە تارىخنى تەھلىل قىلساق، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ روھىي جەھەتتىن جان تەسلىم قىلغانلىرى تولىمۇ ئاز، ئەمما ماددىي جەھەتتىن جان تەسلىم قىلغانلىرى شۇ قەدەر كۆپ. چۈنكى كىشىلىك تۇرمۇش ھامان ماددىدىن، ماددىي نەرسىلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ماددىي نەرسىلەر كىشىلىك تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئاساسىي ئامىل. شۇڭا كىم بولسۇن، ماددىي نەرسىلەر بىلەن ئويناشماسلىقى، يەنى ماددىي نەرسىلەرگە ھېسسىياتىنى، تۇيغۇسىنى ئارىلاشتۇرۇۋالماسلىقى، ئەسلىي ماھىيىتىگە سەل قارىماسلىقى كېرەك.

ھۆججەت - ئىسپاتنىڭ كاپالىتى پۇل، ماددىي بۇيۇم، شۇنداقلا قانۇن بولىدۇ. ئۇ ماددىي نەرسىلەرنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇ ئۆزى ئىپادىلىگەن قىممەتكە كېپىللىك قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنى نېسى، قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان پۇل ياكى ماددىي نەرسە دەپ ئېتىراپ قىلىشقا، پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ئۇ يەنە بىر جەھەتتە قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە ۋە قىممەتكە ئىگە لاتارىيە، قىممەتكە ئىگە پاي چېكى، قىممەتكە ئىگە بانكا پېرىۋوت چېكىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇنى شەخسلەر ئارا ئىشلىتىلىدىغان نەق پۇل چېكى دەپ ئاتاشنىڭ ئاساسىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. بۇنى پەقەت ھەق تەلەپ دەۋاسى بىلەن سوتقا كىرگەن ئادەملەرلا تولۇق چۈشىنىدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى سوت پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش پرىنسىپىدا پەقەت ئاشۇ خىل ماددىي نەرسىلەرنى پاكىت ۋە ئاساس قىلىدۇ. بىردىنبىر ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە قوللايدىغان ۋاسىتە. مەنبەمۇ دەل ماددىي قىممىتى بولغان بۇيۇم، يەنى ھۆججەت - ئىسپات بولۇپ، ئۇ

ھېسسىياتنى، ۋىجدانىنى، ئەخلاق - پەزىلەتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. مەيلى كىم بولسۇن قانۇننىڭ ئېتىراپ قىلىدىغىنى ھەقدارلارنىڭ ۋە زىيانلانغۇچىلارنىڭ قولىدا بار بولغان ھۆججەت - ئىسپات، ھۆججەت - ئىسپات ئارقىلىق ئېتىراپ قىلىنىدىغان ھەقدارلىق - مەنپەئەتدارلىق! شۇڭا قانۇن تارماقلىرى ھۆججەت - ئىسپاتلارغا قاراپ، ئاندىن شۇ پاكىتنى قوللاش ياكى رەت قىلىشنى قارار قىلىدۇ.

ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر، بولۇپمۇ بىزنىڭ نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل كىشىلىرىمىز ئېلىم - بېرىمدا ھۆججەت - ئىسپاتقا سەل قاراپ، ھېسسىياتقا بېرىلىدۇ. ئۇلاردا ئەخلاقىي قاراش، ئېسىل پەزىلەت، مەردانە روھ ۋە كىشىلىك قەدىر - قىممەت تۇيغۇسى بار بولغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار كىمدۇر بىرسىنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن پۇل ياكى ماددىي نەرسىلەرنى بېرىپ تۇرۇپ ھۆججەت - ئىسپات ئالمايدۇ؛ ھۆججەت - ئىسپات ئېلىش ھەققىدە تەكلىپ بەرسە، رەت قىلىپ، كۆڭۈل ئايايدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق ئىشنىڭ ھەممىسىنىڭ نەتىجىسىنىڭ ئاخىرىدا ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن، چۈنكى قەرزدارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سەممىي بولۇشى ناتايىن، بەزىلىرى يۈزسىز، تاش يۈرەك، روھى زەئىپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ھەقدار سەممىيەتسىزلىك ۋە ۋىجدانسىزلىقنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ يەردە شۇنى كۆرۈش كېرەككى، بۈگۈن بار ئادەم ئەتە يوق، بۈگۈن بار تۇيغۇ ۋە سەممىيەت ئەتە يوق بولىدۇ، ئادەم ساقسىز بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، بىراۋنىڭ ئۆزىدە پۇلى بارلىقىنى دېيەلىشى ياكى بېرەلىشى ناتايىن. بۇنداق قەرزنى ۋەسىيلىرىگە قالدۇرسا، قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى مۆلچەرلەش قىيىن. بۇنىڭدىن باشقا، قەرزدار باشقا تۇردىكى قەرزگىمۇ بوغۇلۇشى، باشقا تۇردىنمۇ يەنە زىيان تارتىشى مۇمكىن. ئايرىم ئادەملەر ماددىي جەھەتتىن يىمىرىلسە، زىيان تارتسا، بىردىنلا

ۋىجدانىنى، ئېتىقادىنى يوقىتىشى ياكى ۋىجدان، ئېتىقادى بىردىنلا سۇسلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا نۇرغۇن ئادەم ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سالاپىتى ۋە پەزىلىتىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. ئۇنىڭغا ئەمەلىيەتتىمۇ تېنىۋېلىش، يېنىۋېلىشتىن باشقا يولمۇ يوق بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا قەرزنى بېرىشتىن سۆز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ. سۆز ئاچقاندىمۇ نەتىجىسى ياخشى چىقىشى ناتايىن. بۇ چاغدا ئۇنى بىر نەرسە قىلغىلىمۇ بولمايدۇ، ئۇرسا، قانۇنغا ۋە ئەخلاققا خىلاپ بولىدۇ. سەدىقە قىلسا تېخى بولمايدۇ. ئادەم زەردە گۆش بولىدۇ، ئۆزىنىڭ نەرسىسىنىڭ ئۆزىگە دۈشمەن بولۇپ ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنىدۇ، غەزەپ ۋە پۇشايمانغا تولىدۇ. بۇ بىر ئادەم ئۈچۈن بەكمۇ ئېچىنىشلىق، چىدىغىلى بولمايدىغان پاجىئە. شۇڭا بىز قانداق ئەھۋال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىقتىسادىي ئالاقە قىلايلى ياكى مەلۇم مۇددىئانى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىشىنى قىلايلى، ھۆججەت - ئىسپات ئېلىش، يېزىپ بېرىشتىن باش تارتساق بولمايدۇ. بۇ دەل بىزدىكى: «باشتا گەپ بولسا، ئاياغدا ئىش بولماپتۇ» دەيدىغان ھېكمەتنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئىش. ئېلىم - بېرىمدا ھۆججەت - ئىسپات پۇختا بولسا، ئاخىرىدا غەيرىي گەپ، مەسىلىمۇ كېلىپ چىقمايدۇ.

ھېسسىيات ماددا ئەمەس، شۇڭا ئۇ پۇلمۇ ئەمەس، پەقەت ئۇ ئادەم تۇيغۇسىنىڭ بىر قىسمى، شۇڭا ھېسسىياتقا بېرىلىپ ساختا ھۆججەت - ئىسپات يېزىشتىنمۇ، قەرزدار تۇرۇپ راست ھۆججەت - ئىسپات يېزىپ بەرمەسلىكتىنمۇ ساقلىنىش كېرەك. بەزىلەر ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىدۇ، كىمدۇر بىرسى مەلۇم ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئاغىنىسى ياكى بىر تۇغقانلىرىغا يالغان ھۆججەت - ئىسپات يازغۇزىدۇ، بۇنىڭ بەزىلىرى ئۇلار ئويلىغاندەك چىقىسىمۇ، بەزىلىرى ئۇنداق بولمايدۇ. چۈنكى،

قەرزدار نىيىتىنى بۇزۇپ، ئۇنى يېزىپ بەرگۇچىدىن نەپ
ئالىدىغان ۋاستە قىلىش كويىغا چۇشكەندە، ساختا ھۆججەت -
ئىسپات راست ھۆججەت - ئىسپاتقا ئايلىنىپ، ھەقدارنى ئوڭدا
قويىدۇ. مەيلى قانداق بولسۇن، ھەقدار قەرزداردىن ھۆججەت -
ئىسپات ئېلىشى، كۆڭلۇم يېقىن، ھۆججەت دېسەم سەت تۇرىدۇ،
كېيىن لازىم بولغاندا قايتۇرىدۇ، دەپ ھېسسىياتقا بېرىلىپ
كەتمەسلىكى كېرەك.

# ئەخمەقلىق پۇل قەرز بېرىشتىن باشلىنامدۇ؟

بۇ تېمىنى دوستلار ئارا مۇھاكىمە قىلدۇق. ئەمەلىيەتتە راست شۇنداق بولامدۇ؟ بىر دوستۇمنىڭ قارىشى مۇنداق:

– سىز پۇل قەرز بېرىشكە قىزىقامسىز ياكى پۇل قەرز ئېلىشقا قىزىقامسىز؟ بۇنىڭغا ھەركىم بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ. ئۇنى پەقەت ئۆزىڭىزلا بىلىسىز، ئەڭ دەسلەپتە بىلىدىغان ئادەم يەنىلا ئۆزىڭىز. مېنىڭچە بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. چۈنكى كىمنىڭدۇر بىرسىنىڭ قەرز بېرىشى، كىمدۇر بىرسىنىڭ قەرز ئېلىشى ھەركىمنىڭ ئۆز ئىشى، پۇلى بار ئادەملەرنىڭ قەرز بەرگۈسى كەلمەيدۇ، قەرز بەرسىمۇ چىدىماي تۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، قەرز بەردىڭمۇ قولۇڭدىكى تەييار نەرسە يوققا چىقتى ياكى بار بىلەن يوق ئارىسىدىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى دېگەن گەپ. بۇنىڭغا بىر قارىسا راستتىنلا يوقاتقانلىق، مال ـ مۈلكىنى نابۇت قىلغانلىق، ھەتتا ئۆزىنى ئۆزى مازاق قىلغانلىق بولۇپمۇ قالىدۇ. بۇنى بىر تەرەپلىمە قاراش دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بەزىلەر ھەقىقەتەن پۇل قەرز بېرىشكە ئادەتلىنىپ قالغان، خۇمار بولۇپ قالغان. ئۇلار ئاشۇنداق بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمىشقا يەنە قەرز بېرىدۇ؟ بۇ سىرلىق ئىشمۇ ئەمەس، يوق ئىشمۇ ئەمەس، غەيرىي ئىشمۇ ھەم ئەمەس. ئۇ بىر قارىسا راستتىنلا نورمال ئىش، بىر قارىسا، ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقلىقتەك تۇيۇلىدۇ. ئۇنى ئەخمەقلىق دېگىلى بولامدۇ؟ ئادەمنىڭ ئەخمەقلىقى بىرلا ئىشقا باغلىق بولمىسا

كېرەك. ئەگەر ئەخمەقلىقنىڭمۇ خاسلىقى بار دېيىلسە، ئۇ چاغدا قەرز بېرىشنى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەخمەقلىق دېسەك بولار. بولمىسا، قەرز بېرىشنى بىر ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن ئەخمەقلىقى دېيىشكە بولمىسا كېرەك.

— ھەي، بۇرادەرلەر، — دېدى يەنە بىرسى، — مېنىڭچە، قەرز بېرىدىغانلار، قەرز بېرىشكە خۇمار بولۇپ قالغانلارنىڭ قەرز بېرىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى نېمە؟ ئۇنىڭغا سەۋەب بولغان ئامىل قايسىلار؟ بۇنى چۈشىنىش كېرەك. مېنىڭچە مۇنداق بولۇپ قېلىشنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى بار: بىرىنچىسى، قەرز بېرىش يولى بىلەن پۇل تاپىدۇ. يەنى بەرگەن قەرز پۇلغا ئۆسۈم ئېلىش، جازانىخورلۇق قىلىپ پۇل ئۈندۈرۈۋېلىشتىن ئىبارەت ۋاستىلەردىن بىرىنى ياكى بىر قانچىسىنى تاللاپ، قەرز بېرىپ قەرزدارلىق شەكىللەندۈرىدۇ، قەرز پۇل ئارقىلىق ئۆسۈم يىغىپ، پۇل تېپىپ بايلىق توپلايدۇ. ئىككىنچىسى، قەرز بېرىش يولى بىلەن مەنپەئەتلىنىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. يەنى باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ ئىش ھەل قىلىدۇ. باشقىلارغا يېقىنلىشىپ دوست بولۇپ، ئۆزىگە مايىل قىلىپ، كۆڭلى يېقىنىغا ئايلىنىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ بىر ياكى بىرقانچە خىل ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىدۇ. ئۇنداقلارنىڭ بىر قىسمى قەرز پۇل ئارقىلىق مەلۇم ئىمتىيازغا، پۇرسەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۈچىنچىسى، قەرز بېرىش بىلەن ۋاستە بەرپا قىلىپ، قارشى تەرەپنى بويسۇندۇرىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، قارشى تەرەپنىڭ بىرەر ئاجىزلىقىنى قەرز پۇل بىلەن ھەل قىلىپ ئۇنىڭ باشقا تۈردىكى ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىدۇ. قەرز ئالغۇچىنىڭ بېچارىلىكى ۋە ئۇنىڭ قولى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلدۇرۇپ، نىشانلىق مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ ياكى ئاشۇ كىشىنى ئۆزىگە بېچارە قىلىپ قويىدۇ. تۆتىنچىسى، كۆڭۈل قەرزى قىلىپ قويىدۇ. بەزىلەر يۈز

كېلەلمەسلىك، ئىچ ئاغرىتىش، ياردەم قىلىش، كۆيۈنۈش يۈزىسىدىن قەرز پۇل بېرىشكە خۇمار بولۇپ قالغۇچىلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىدۇ. مانا بۇلارنى سەلبىي جەھەتتىكى تەرىپى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئىجابىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ خىل تىپتىكى قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ چىقىش قىلىدىغىنى مۇنداق بولىدۇ: بىرىنچىدىن، قەرز بەرگۈچى باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، باشقىلارنىڭ باي بولۇش، پۇل تېپىشىنى كۆزلەپ قەرز بېرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، باشقىلارنىڭ ساغلاملىقىنى، خاتىرجەم تۇرمۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، مۇھىم ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن قەرز بېرىدۇ. تۆتىنچىدىن، باشقىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن قەرز بېرىدۇ. بەشىنچىدىن، ساخاۋەت قىلىپ، زور سانلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قەرز بېرىدۇ.

— مېنىڭ قارىشىم مۇنداق، — دېدى تېمىنى ئوتتۇرىغا قويغان بۇرادىرىمىز چۈشەندۈرۈپ، — مەيلى قانداقلا بولسۇن، قەرز بېرىشنىڭ سەلبىي تەرىپى بىلەن ئىجابىي تەرىپى ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىراق قەرز بېرىشتىكى خۇمار بولۇش بىلەن ئادەتتىكى قەرز بېرىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن پەرق بار. قەرز بېرىشكە خۇمار بولۇپ قېلىشتا ئۇنىڭ سەلبىي تەرىپى دائىم ئالدىغا ئۆتۈۋالىدۇ، ئىجابىيلىقى كەينىدە قالىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب بەكمۇ ئاددىي، قەرز بېرىشكە خۇمار بولۇپ قالغانلارغا قارىغاندا، قەرز ئېلىشقا خۇمار بولۇپ قالغانلار كۆپ. قەرز بېرىشكە خۇمار بولۇپ قېلىشقا قارىغاندىمۇ، قەرز ئېلىشقا خۇمار بولۇپ قالىدىغانلار كۆپ بولىدۇ. بۇنداق ئېھتىياج قەرز بېرىشكە خۇمار

بولۇپ قالغۇچىلارنى كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

— ھازىر كىشىلەردە ئىنساب قالمىدى، قەرز ئېلىۋالدىمۇ بەرمەيدۇ، پۇلنى بىر كىمگە بېرىپ قويۇپ، ئارام خۇدا ياتقىلى بولمايدۇ، بەرمەك ئاسان، ئالماق قىيىن، قەرزدار بىخارامان، ھەقدار قەرزنى ئېلىشنىڭ كويىدا ئارام خۇدا ئۇخلىيالمايدۇ، — دېدى يەنە بىر دوستىمىز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، — قەرزنى بەرمىسە تېخى ، بەرسە تېخى! نۇرغۇن ئادەملەر قەرزدارلىق بىچارىلىك، ئەخمىقانىلىك دەپ قارايدۇ. بىراق نۇرغۇن ئادەم قەرزدارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قەرز ئالىدۇ، قەرز پۇل بىلەن ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزىدۇ. شۇڭا قەرزنى بەرمەيمەن دەپ تۇرۇۋالغىلى، ئالمايمەن دەپ ئالماي يۈرگىلى بولمايدۇ. بۇ يەردىكى گەپ قەرز پۇلنى قانداق ئېلىش، قانداق ئىشلىتىش، قانداق مۇئامىلە قىلىش، قىممىتىنى قانداق نامايان قىلىش مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم. مۇشۇنداق چاغدىلا ئۇنىڭ روشەن خاسلىقى ئىپادىلىنىدۇ ۋە بىچارىلىكمۇ ياكى ئەخمەقلىقمۇ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب تېپىلىدۇ. قەرز پۇلنى توغرا ئىشقا ئىشلىتىش بىلەن ناتوغرا ئىشقا ئىشلىتىش، توغرا، ياخشى نىيەتلىك ئىش ئۈچۈن ئىشلىتىش بىلەن توغرا بولمىغان، ناچار ئىشقا ئىشلىتىشنىڭ چەك - چېگراسى بولىدۇ. قەرز پۇلنى قايتۇرۇش بىلەن قايتۇرماسلىق مەسىلىسىدىمۇ نۇرغۇن ئىختىلاپ بولىدۇ. قەرز پۇلنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق بولسا، قىممىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ئۇنى قايتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئاساسى بولالايدۇ. قەرز پۇلنى قايتۇرۇشتىكى يولنىڭ قانداق بولۇشى، يەنى ياخشى - يامان، توغرا - خاتا بولۇشى قەرز پۇل ئارقىلىق پۇل تېپىشتا زۆرۈر بولغان تەرەپ. شۇڭا بۇلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ھالقا.

— مېنىڭچە، — دېدى يەنە بىرسى سۆز قىستۇرۇپ، — قەرز ئېلىش بىلەن قەرز بېرىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇنى توسقىلى، چەكلەپ قالغىلى بولمايدۇ. قەرز پۇل ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، پۇل ئوبوروتىنىڭ ئايلىنىشىغا پايدىلىق دەپ قارىلىدۇ. بىراق ئايرىم كىشىلەر قەرز بېرىشمۇ، قەرز ئېلىشمۇ ئەخمەقلىق دەپ قارايدۇ، بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب: بەزى ئادەملەرگە قەرز پۇل ھەقىقەتەنلا لازىم بولىدۇ، ئۇلار قەرز ئالمىسا تۇرالمايدۇ. ھەتتا قەرزدارلىق ئىلكىدە تۇرۇپمۇ قەرز ئالىدۇ. ئاخىرىدا ئۇنداقلارنىڭ كۆپ قىسمى قەرزگە خۇمار بولۇپ قالىدۇ، كۆپ زىيان تارتىدۇ. ئالايلۇق، قەرز ئۆسۈمى، جازانە پۇلى قايتارلىقلارنى تۆلەيدۇ. بۇ ئۇنىڭدىكى قەرزدارلىقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىدۇ. كۆپ ھاللاردا، قەرز بەرگۈچىلەرمۇ، خۇمار بولۇپ قالغۇچىلارمۇ ئاسان يول بىلەن قەرزنى قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. بۇ بىلىپ تۇرۇپ قىلغان ئىش بولغانلىقتىن، ئەخمەقلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ.

— بەزى ئادەملەرگە قەرز بېرىشنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكى راست، — دېدى يەنە بىرسى، — ئۆزۈمنى ئالسام، كۆپ قېتىم يۈز كېلەلمەي، ئىشى ئىش بولۇپ قالسۇن دەپ قەرز بەرگەنىدىم، لېكىن ھەممىسىنىڭ دەردى چىقتى، ئۆزۈمنىڭ پۇلى ئۆزۈمگە دۈشمەن بولدى، ئاز ئاۋارىچىلىك سالمىدى. ئالماي دېسە تېخى، ئالاي دېسە، ئۇ قەرزدارنىڭ نامەردلىكى، بەزىلىرىنى ھەتتا مېڭىپ - مېڭىپ تاشلاپ قويدۇم. تەجرىبەم شۇكى، پۇلۇڭ بولسا مەھكەم تۇت! بايامدىن بۇيانقى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاساسى بار. بەزىلەر باشقىلارغا قەرز بېرىش ئەخمەقلىقنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ دەپ قارايدۇ. بەلكىم مۇنداق ئەمەستۇر. بىراق، قەرزدارنىڭ تۆلەش ئىقتىدارى ئەسلىدىنلا ناچار بولسا ياكى تۆلەشتىكى نىيەت، غەرەز توغرا بولمىسا، قەرز پۇلنى قايتۇرۇشقا سەل قارايدۇ، بەرمەيدىغان يوللارنى ئىزدەپ ماڭىدۇ. بۇنى دەسلەپ

پۇلى بار ئادەم ھېس قىلىپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەقدارنىڭ ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىش ئىزچىل داۋاملىشىدۇ. بەرگەن قەرز پۇلغا قارىتا بىخەتەرلىك تۇيغۇسىمۇ، ئالدىنى ئېلىش تۇيغۇسىمۇ توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. قەرزدارمۇ ئۆزىدىكى يېتىشسىزلىك تۈپەيلىدىن، قەرزنى قايتۇرۇشتا تەبىئىيكى ھەقدارنى تولۇق رازى قىلىپ كېتەلىشى ناتايىن. مانا بولارنى ھەقدارلار كۆپ ھاللاردا بىلمەي قالىدۇ، بىلسىمۇ ئېرەنشىمەيدۇ. مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە. بۇ قاراپ تۇرۇپ ، بىلىپ تۇرۇپ بولۇۋاتقان ئىش بولۇشىمۇ ياكى ھېسسىياتىدىكى ھاياجان ۋە ئىشىنىش تەسىرىدىن بولۇۋاتقان ئىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇلارنى بىرمۇ بىر تەھلىل قىلسا ۋە تەتبىقلىسا، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن يېتەرسىزلىك بىلەن ئالاھىدىلىكنى تاپقىلى بولىدۇ. يېتەرسىزلىكى ئادەمگە، بولۇپمۇ قەرز دەۋاسى پاتقىققا كىرىپ قالغان ئادەمگە قەرز بېرىش بىر خىل ئەخمەقلىقنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئىجابىيلىقى، مەسىلەن، ئەڭ كاتتا بايلار، مىليونېرلار، مىلياردېرلارنىڭ ھەممىسى قەرزگە تايىنىپ، ئاشۇ ھالغا يەتكەن، بۇنىڭدىن بىز قەرز بېرىشنىڭ كاتتا ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

— ئاشۇ بايلار، قەرز پۇل بىلەن باي بولغانلار قەرز پۇلنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقانلىقتىن، باي بولۇۋېلىپ قەرز بەرمەيدۇ، — دېدى ئارىمىزدىكى بىرسى، — مەن شۇنداق قارايمەنكى، كۆپ ھاللاردا پۇلى بار، دۇرۇسراق كەلگەن ئادەملەر قەرز بېرىشنى ياقتۇرمايدۇ، خالىمايدۇ، قىزىقمايدۇ، تېخى بەزىلىرى پۇل قەرز بېرىشنىڭ گېپى بولسا كايىيدۇ، غەزەپلىنىدۇ، قەرز بېرىشكە ئۆچ، ھەتتا بىر كىملەر ئۆلۈم ھالىتىگە بېرىپ قالسىمۇ، قەرز بەرمەي كېتىپ قالىدۇ ياكى قەرز بېرىش ھەققىدە گەپ بولسا، باشقىچە گەپ قىلىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بايا دەپ ئۆتكەندەك قەرز بېرىش ئۆزىدە بار نەرسىنى يوق قىلىش ياكى بار بىلەن يوقنىڭ

ئارىلىقىدا قىلىپ قويۇپلا قالماستىن، ئۇ كېيىن شۇ ئادەمنى قىيىنچىلىقتا سالىدۇ، جاپاغا تىقىدۇ، كايىتىپ قويىدۇ. چۈنكى قەرزدارلارنىڭ كۆپ قىسمى يۈزى قېلىن كېلىدۇ، ئىنساب، دىيانەت ۋە شەرم - ھايانى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، قەرز ئىگىسىنى بىسەرەمجان قىلىدۇ. قەرز بەرگەن پۇل ھەقدارغا جىددىي لازىم بولغاندا ئەسقاتمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۆزىنىڭ پۇلى ئۆزىنى زەردە گۆش قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ پۇلى ئۆزىگە پېشكەلچىلىك تېپىپ بېرىدۇ. بەزىدە بۇنداق پۇل تۈپەيلىدىن ھاياتىدىن ئايرىلىشى، ھادىسىگە يولۇقۇشى، نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قېلىشى مۇمكىن. قەرز پۇل تۈپەيلىدىن ئېغىر ۋەقە كېلىپ چىقىپ، جىسمانىي، مەنىۋى زىيانلارغا دۇچار بولغانلارمۇ ئاز ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، قەرز بېرىپ نېمە كەپتۇ؟ قىسقىسى، قەرز بېرىش ئەخمەقلىقنىڭ دەل ئۆزى!

— ياق، بۇنى بۇنداق كېسىپ ئېيتىشقا بولمايدۇ، — دېدى يەنە بىرسى، — چۈنكى قەرز پۇل نامراتقىمۇ، بايغىمۇ لازىم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەخمەقلىق قىلىدىغان تەرىپى قەرز پۇلنى مۇناسىپ ئادەمگە بەرمەسلىك، مۇناسىپ ئىشقا سەرپ قىلماسلىقتا. قەرز پۇلنى مۇۋاپىق ئىشلەتسەك، ئۇنىڭدىن يەنە نۇرغۇن پايدا ياراتقىلى بولىدۇ. گەپ بىزنىڭ ئۇنى توغرا قوللىنىپ، توغرا ئىشلىتىپ، خېيىم - خەتەرگە ئۇچراتماسلىقىمىزدا. بىزدە قەرز پۇلغا قارىتا توغرا، ئىلمىي پوزىتسىيە بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدىلا قەرز بەرگۈچىلەرمۇ ئەخمەق بولمايدۇ، قەرز ئالغۇچىلارمۇ نامەرد بولمايدۇ.

# قەرز ئالغۇچىلار قەرز بەرگۈچىلەرنى يېتىشتۈرىدۇ

كۆپ سانلىق كىشىلەر قەرز ئالغۇچى قەرز بەرگۈچىنى يېتىشتۈرىدۇ دېگەن قاراشقا سەل قاراپ، پەسەنت قىلىپ كەتمەيدۇ، ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ بۇ ھەقتە ئويلىنىپ ياكى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ كېتمەيدۇ. بۇنىڭغا بىر قارىسا شۇنداقتەك تۇرىدۇ، بىر قارىسا ئۇنداق ئەمەستەك قىلىدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر ھەمىشە قەرزنىڭ يۈز بېرىش ھالىتى ۋە يۈز بېرىش سەۋەبلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ قەرز ئالغۇچىلار تەرىپىدىن يېتىلىشىگە، پەيدا بولۇشىغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. قارىماققا قەرز ئالغۇچىلار قەرز بەرگۈچىلەرنى پەيدا قىلمىغاندەك، بەلكى قەرز بەرگۈچىلەر قەرز ئالغۇچىلارنى پەيدا قىلغاندەك تۇرىدۇ. مانا بۇ قەرز ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك تەرىپى. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا كىشىلەر بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. سەۋەبى، قەرز بەرگۈچىلەر بولغاچقا، قەرز ئالغۇچىلار بولغاندەك قىلىدۇ. بۇنى تەتقىق قىلىپ، ماھىيىتىگە نەزەر ئاغدۇرساق، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى كېلىپ چىقىش مەنبەسى، ماھىيىتى ۋە يېتىلىش نۇقتىسى قەرز ئالغۇچىلارنىڭ بولغانلىقىدا بولىدۇ. بىز بۇنىڭدىكى سەۋەب - نەتىجىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېنىقلىساق، قەرزنىڭ قايسى خىل شەكىل، مەزمۇن بىلەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ماھىيەتلىك ھالدا قەرز ئالغۇچىلارنىڭ بولغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشىمىز مۇمكىن.

قەرزدار قەرز بەرگۈچىنى يېتىشتۈرگەنمۇ ياكى قەرز ئالغۇچى

قەرز بەرگۈچىنى ئىزدەۋاتقانمۇ؟ دېگەن قاراشنى يەنە بىر نۇقتىدىن كۆزەتكەندە، ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىنى ئىزدەشتۈرگەندەك، بىر - بىرىنى شەرت قىلغاندەك تۇرىدۇ. مەسىلەن، قەرز بەرگۈچى بولمىسا، قەرز ئالغۇچى بولمايدۇ. بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، كىشىلىك تۇرمۇشتا قەرز ئېلىش بىلەن قەرز بېرىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ئەلمىساقتىن بولۇپ كەلگەن، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىش. مەيلى سىز كىم بولۇڭ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قوينى كەڭ، ئۇنىڭدا نى نى ئىشلار بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئالاقە كۆپ ۋە زەنجىرسىمان بولىدۇ. ھەر كۈنى ھەر سائەتتە مىليونلىغان ئادەم قەرزدار، ھەقدار بولىدۇ. قەرز ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلايدۇ، بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ. بىر - بىرىنى ياتلاشتۇرىدۇ، ئۆچ - ئاداۋەتلىك قىلىدۇ. بۇ ئادەملەرنىڭ ئەبەدىيلىك، تەبىئىي قەرزدارلىقنى يېڭى بولغان سۈنئىي قەرزدارلىق پاتقاقلىرىغا سۆرەپ كىرىپ، كىشىلىك تۇرمۇش، ھاياتنىڭ يېڭى مەنىلىرىنى، يېڭى قوزغىتىش كۈچلىرىنى پەيدا قىلىش، ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇنىڭ ئىجابىيلىقى كىشىلىك تۇرمۇشقا بەخت ۋە قىزغىنلىق، ھاياتقا مەنا بەرسە، سەلبىيلىكى ئادەملەرنىڭ سەزگۈرلۈكى، ئۆزىنى يارىتىش جەريانىدىكى خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشچانلىقىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

بىراق بىز بۇ يەردە تالاش - تارتىش قىلىدىغان مۇھىم مەزمۇن قەرز بەرگۈچىنى نىمىنىڭ، كىمنىڭ ئىزدەشتۈرۈش مەسىلىسى بولۇپ، ئۇلاردىن زادى قايسىسى قايسىسىنى شەرت قىلىدۇ، قايسىسى قايسىسىنى ئىزدىلدۈرىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. بىز يۇقىرىدا قەرز بېرىش بىلەن قەرز ئېلىشنىڭ بىر قاتار سەۋەب، نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇق. مەيلى ھېسسىي جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئەمەلىي ھەرىكەت جەھەتتىن

بولسۇن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزلۈكىدىن باشقىلارغا قەرز بەرگۈسى كەلمەيدۇ، چۈنكى قەرز پۇل ئېلىم - بېرىمىنىڭ ئاۋارىچىلىكى بىرقەدەر كۆپ. شۇنداق ئىكەن، قەرز بەرگۈچى ئۆزلۈكىدىن يېتىلمەيدۇ، شەكىللەنمەيدۇ، بارلىققا كېلىپ قەرز بەرگۈچىگە ئايلانمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا قەرز بېرىش ۋە قەرز بەرگۈچى بولۇش يېتەكلەش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنداقتا ئۇ قايسى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ؟ ئۇ دەل قەرز ئالغۇچىنىڭ يېتەكلىشى، تۈرتكە بولۇشى، تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىلىق يېتىلىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن قەرز بەرگۈچى بارلىققا كەلمەيدۇ. قەرز بەرگۈچىنىڭ زورلاپ قەرز بېرىشى بىنورماللىق بولۇپ، ئۇنى ئۆزى يېتىلگەن قەرز بەرگۈچى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇنداق قەرز بەرگۈچى مەڭگۈ يېتىلمەيدۇ. پەقەت شۇ قەرز ئالغۇچى ۋە شۇ قەرز ئالغۇچىلارنىڭ قەرزگە بولغان ئېھتىياجىلا قەرز بەرگۈچىنى يېتىلدۈرىدۇ. بىز كىچىك بالىلارنى مىسالغا ئالايلى، ئۇلار قەرز بەرگۈچى بولۇشنى بىلمىسە، ئۆيلىمىسا كېرەك، بۇنداق ئۆينى پەقەت قەرز ئالغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجى ھېس قىلدۇرۇشى، ئۇلار كۆرسەتكەن تەسىرلەر ھېس قىلدۇرۇشى مۇمكىن. بۇ خىل مۇمكىنچىلىك قەرزدارلارنىڭ قەرز پۇلغا نەپ بېرىش، چوتا بېرىش، ئۆسۈم بېرىش، ھەسسىلەپ پايدا بېرىش، قەرز پۇل بىلەن مۇھىم ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئېنىقكى، قەرز باشقىلاردا بايلىق توپلاپ، تۇرمۇشىنى ياخشىلاش تۈيغۇسى، كەيپىياتى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەرز بەرگۈچى قەرز بېرىشنى باشلايدۇ ۋە داۋاملاشتۇرىدۇ.

# قەرز ئالغۇچىمۇ، قەرز بەرگۈچىمۇ بولۇشى كېرەك

بەزى تەپسىلاتلار ئارقىلىق قەرز پۇلنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى باغلىنىشلىرى، ئايرىم تەرەپلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، قەرز پۇلنىڭ ھالاۋىتىمۇ، جاپاسىمۇ بار. جاپاسىنى دەپ قەرز بەرمەي توسۇپ، چەكلەپ قويغىلى، ھالاۋىتى بار دەپ ئۇنى زورلاپ بېرىشكە، زىيادە كۆپ تارقىتىشقا بولمايدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر بانكىنىڭ قەرز بېرىشتەك ئارتۇقچىلىقىنى تىلغا ئالىدۇ، ئەمما بانكىنىڭ قەرز بەرگىنى ئۆزىنىڭ پۇلى ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئامانەتكە قويغان پۇللۇقىنى نەزەرگە ئېلىپ كەتمەيدۇ. بانكا بىر تەرەپتىن ئامانەت توپلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن قەرز تارقىتىدۇ، قەرز بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئامانەت توپلىشىنىڭ ئىككى تەرەپلىمىلىكى بار. ئۇنىڭ بىرسى، باشقىلارنىڭ ئامانىتىنى يىغىپ توپلاش بەدىلىگە مەبلەغ توپلاپ، قەرز بېرىشكە ئاساس سالىدۇ. يەنە بىرسى، كىشىلەرنىڭ ئامانەتكە قويغان پۇلىغا مەلۇم نىسبەتتە ئۆسۈم بېرىپ، ھەقدارنى نەپكە ئىگە قىلىدۇ. بۇنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلساق، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە قەرزدار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

قەرز بېرىش مۇناسىۋىتىنى كىچىك نۇقتىدىن ئىزاھلىساقمۇ، كىشىلەر بىر - بىرىگە موھتاج بولىدۇ، موھتاجلىق ئادەملەرنى ھەر خىل ۋاسىتىلەرگە باغلاپ قويىدۇ، كىشىلىك تۇرمۇشنى يۇرۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئادەملەر چوقۇم بىر ياكى بىرقانچە ماددىي

ياكى مەنىۋى تەسىر كۆرسەتكۈچنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە كىشىلىك تۇرمۇشنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھاياتنى بىخەتەر، مەنىلىك، بەختىيار ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن. بۇنىڭ مۇھىم ئاساسى ئىقتىساد. ئىقتىسادنىڭ ئەمەلىي كۈچى ۋە يېتەكلەش، تەمىنلەش دائىرىسى ئادەملەرنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى مەنىگە ۋە يۈكسەكلىككە ئېرىشتۈرىدۇ. ئۇ قانچىكى تويۇنۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلسا ۋە تويۇندۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلسا، ھايات بەختنى سېزىش ۋە ئۇنىڭدىن بەھر ئېلىش شۇنچىلىك كەڭ ۋە ئەتراپلىق بولىدۇ. لېكىن، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك بېسىم، بېسىپ ئۆتۈش زۆرۈر بولغان داۋانلىرىدا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تويۇنۇشنى بەخت تۇيغۇسى دەرىجىسىگە يەتكۈزۈپ ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنى يېتەرلىك دەرىجىدە ھەل قىلىش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس، ئۇنىڭ ۋايىغا يېتىشى ئۈچۈن، نۇرغۇن بەدەل تۆلەشكە، ئەجىر سىڭدۈرۈشكە، جاپالىق ئەمگەك قىلىشقا، كۈچلۈك ئەقىل - پاراسەت ۋە چىقىش يولىنى يارىتىدىغان تەدبىر، قابىلىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۇرمۇشنىڭ جەريانىمۇ، ئىقتىسادنى توپلاش، قولغا كەلتۈرۈشنىڭ جەريانىمۇ دەل ئاشۇنداق بولىدۇ. بۇ جەريانلار ئادەملەرنى توختاۋسىز ئىشلەشكە، رىقابەت ئېلان قىلىشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا، ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، بەختنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى قوغداشقا ھەيدەيدۇ. مۇشۇ بىر قاتار ئىشلاردا مەنىۋى يۈكسەكلىكتىن باشقا يەنە مۇھىم بولغان نەرسە ئىقتىساد بولۇپ، بېقىندۇرغۇچىسى سۈپىتىدە يېتەكلەيدۇ، يېتەرسىز، كەم بولۇشتەك بىر تەرەپلىمىلىكى بىلەن ئاشۇ ھەرىكەتلەرنى بوغۇپ قويىدۇ. بوغۇپ قويۇشتىن ساقلىنىشتا، ئادەملەر ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن باشقىلاردىن قەرز ئالىدۇ. بىز يۇقىرىدا بانكىلارنىڭ قەرز بېرىش -

ئامانەت تولىشى ھەققىدە بايان قىلغىنىمىزدەك، بۇ يەردە قەرز ئالغۇچىمۇ پايدا ئالىدۇ، قەرز بەرگۈچىمۇ پايدا ئالىدۇ.

قەرز پۇل ئادەملەرگە ھەرىكەت ئاتا قىلىدۇ.

**1. قەرز پۇل قەرزدارغا بېسىم پەيدا قىلىدۇ.** قەرزدارلىق بېسىمى پەيدا بولغانلىقتىن، ئادەملەر ئاشۇ بېسىمنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، كۆپ تەرەپلىمە ھەرىكەت قىلىدۇ، يېڭىلىق ئويلايدۇ، چىقىش يولىنى ھازىرلاش ئۈچۈن ئەجىر - ئەمگەك قىلىدۇ. ئادەمدە ئاشۇنداق بىر بېسىم بولمىسا، بىچارە بولۇپ قېلىشى، ھەتتا ھەرىكەت دائىرىسى چەكلىنىپ قېلىپ، ھاياتنىڭ لەززىتىنى بىلمەسلىكى، بالدۇرلا ھالاك بولۇپ، دۇنيانىڭ، ھاياتنىڭ قىممىتىنى بىلمەي، بالدۇر توزۇپ، گۇمران بولۇشى مۇمكىن.

**2. رىقابەت پەيدا قىلىدۇ.** قەرز پۇلنىڭ رىقابەت پەيدا قىلىشى كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسىنى تېپىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ رىقابىتى ئادەمنى تاۋلايدۇ، چېنىقتۇرىدۇ. ئادەمدەك ياشاش پۇرسىتىگە، روھ ۋە ئەقىدىگە، پاراسەت-سەممىيلىككە باشلاپ بارىدۇ.

**3. ھاياتقا قىممەت تولۇقلاپ بېرىدۇ.** بارلىق جانلىقلار ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ھەرىكىتى ئاستا، ناچار ھاياتلىق چەكلىك ھاياتلىق بولۇپ قالىدۇ. قەرز پۇل ھەرىكەت پەيدا قىلىدىغان كۈچ بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن ساھەلەرنىڭ ھەرىكىتىنى بىردىنلا ھاياتىي كۈچكە ۋە قىزغىن، كەسكىن تۇرمۇش مەنزىرىسىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇنداق ھالەت قەرز پۇلنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھۆجەيرىلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، ھەر قايسى قاتلاملارنىڭ بىردەكلىكى، ماسلىشىشچانلىقىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق قىممەت تولۇقلاپ، قىممەت

تولۇقــلاش تېپــىدىكى كىشــىلىك ھايــاتنى ۋە كىشــىلىك تۇرمۇشنىڭ نەتىجىلىرىنى يارىتىپ بېرىدۇ.

**4. بەخت پۇرسىتىگە سورۇن ھازىرلايدۇ.** قەرز پۇلنىڭ بارلىققا كېلىشى بىر ئادەمنىڭلا ئەمەس، مىليونلىغان ئادەمنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئالايلۇق، كىمدۇر بىرسى پەمدۇر ئىشلەپچىقارغان بولسا، ئۇنى ئالىدىغان ئادەم بولمىسا، ئۇنىڭ قىممىتى بولمايلا قالماستىن، زىيان كۆرۈلىدۇ، ئالىدىغان ئادەمنىڭ ئېھتىياجى بولسا، ئەمما پۇلى بولمىسا، ئۇ ھالدا ئاشۇ پەمدۇر ئىستېمالغا كىرمەيدۇ. مۇبادا ئېھتىياجلىق كىشىنىڭ پۇلى بولسا ئۇ ھالدا پەمدۇرنى ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ - دە، ئۇنىڭمۇ، بۇنىڭمۇ ئىشى يۇرۇشىدۇ. دېمەك، ھېلىقى قەرز پۇل ھەممە تەرەپنىڭ قىيىنچىلىقىنى بىراقلا ھەل قىلغان بولىدۇ. قەرز پۇل بولمىسىچۇ؟ ئوبوروت بولمايدۇ. مەسىلەن: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئالماشتۇرۇش بولمىغانلىقتىن ئوبوروت بولمىدى، ئوبوروت بولمىغانلىقتىن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بېقىنىۋېلىپ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ياراتمىدى، قىممەت ياراتمىغانلىقتىن ھەممە ئادەم نامرات ياشىدى. نامراتلىقتا تۇرمۇشنىڭ لەززىتى، ھاياتنىڭ پاراغىتى بولمىدى. ئۇ يىللاردا قەرزگە ئېھتىياجى بارلار ئارىسىدا ئالماشتۇرۇش، ئوبوروت بولمىدى، بار دېيىلسىمۇ، ئۇ ھەر تەرەپلىمە چەكلىمە ئىچىدە بولدى. بۈگۈنكىدەك ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئەركىن، كەڭ، ئومۇمىيەتچىل قەرزدارلىق مۇناسىۋەت پائالىيەتلىرىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.

شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، قەرز بەرگۈچى بىلەن قەرز ئالغۇچىنىڭ ھەر ئىككىسىلا بولغاچقا، تۇرمۇشنىڭ ھەممە قاتلىمى راۋانلىشىدۇ، مۇبادا قەرز ئالغۇچى بولمىسا، قەرز

بەرگۈچىنىڭ پۇلى بېسىلىپ قالىدۇ، قەرز بەرگۈچىنىڭ پۇلى بېسىلىپ قالسا، ئوخشاشلا قىممىتى يوق بولىدۇ. قەرز بەرگۈچى قەرز بىلەن تەمىنلىسە، قەرز ئالغۇچى قەرزدىن بەھرىمەن بولسا، ئۇ چاغدا، خۇددى ھاياتلىق ھەرىكەتتە بولغىنىدەك، قەرزمۇ ھەرىكەتچان ھالەتكە كېلىپ، ئۇنىڭ كىشىلەرگە بەخت يارىتىش نىسبىتى، دەرىجىسى يۇقىرى بولىدۇ.

# قەرزدار سەممىي بولۇشى كېرەك

قەرزدارنىڭ سەممىي بولۇشى قەرز پۇلدىن پايدىلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. قەرز پۇلنىڭ پايدا - زىيىنى، خېيىم - خەتىرى دائىم مەۋجۇت. بۇ كىشىلەرنىڭ قەرز پۇلغا بولغان سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇپ، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرىدۇ. بۇنداق چاغدا ھەقدارنىڭ ئەندىشىسى زىيادە كۆپ بولىدۇ. ئۇ بەرگەن قەرز پۇلنىڭ ئۈنۈملۈك بولغان - بولمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. قەرزدار سەممىي بولۇپ، ئەھۋالنى ھەقدارغا مەلۇم قىلىپ تۇرسا، ئۇ چاغدا كۆڭۈل توختىتالايدۇ.

قەرز بېرىش ئاسان بولغىنى بىلەن ئۇنى يىغىش قىيىن بولىدۇ. مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولسۇن، ھەقدار قەرز بەرگۈچى ۋە قەرز پۇلنى ئىشلىتىش تۇرىنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. قايسى نۇقتىدىن چىقايلى، قەرز بېرىشمۇ، قەرز ئېلىشمۇ ئوخشاشلا بىر ياكى بىرقانچە مەقسەتنى كۆزلىگەن، چىقىش قىلغان بولىدۇ، شۇڭا ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرسىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىشى، چىقىش قىلىشى، ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

بىر قېتىم مۇنداق بىر ئىش بولغان. مەلۇم ھەقدار قەرزداردىن پۇلنى زادىلا ئالالمىغان، سەۋەبى قەرزدار مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ، پۇل قىلالمىغان. ھەقدار بۇنى بىلگەندىن كېيىن قەرزدارنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا خېرىدار

ئىزلىگەن، بۇنىڭ ئۈنۈمى بولغان. بىرقانچە قېتىملىق سودا بىلەن ھەقدارنىڭ پۇلى ئەسلىگە كەلگەن، قەرزدارنىڭ قەرزىمۇ تۆگىگەن. مانا بۇ ئۆزئارا مەنپەئەتنى قوغداش، ياردەم قىلىش بولۇپ، ھەرقانداق ئادەمگە ئىلھام بېرىدۇ. بۇيەردە بىر نەرسە باركى، قەرزدار قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرالىسا، ھەقدارنىڭ پۇلى ئەسلىگە كېلىدۇ. ئېنىقكى، قەرزدارنىڭ قايتا قەرز ئېلىش ئارزۇسىمۇ، ئۇنىڭ پۇلدىن پايدىلىنىپ پۇل تېپىش ئارزۇسىمۇ ئىشقا ئاشىدۇ. مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىسا، ئۇ چاغدا قەرزدارمۇ، ھەقدارمۇ زىيان تارتىدۇ. بۇ يەردە شۇ نەرسە ئايانكى، قەرزدار ھەقدارنىڭ پۇلىنى ئالدى بىلەن زىيانغا ئۇچرىتىشتىن ساقلىنىشى، ھەقدارمۇ قەرزنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقىنى ھەمكارلىشىپ قوغدىشى كېرەك.

قەرزدارنىڭ سەمىمىي بولۇشىنى تەكىتلەشتىكى مەقسەتمۇ قەرز پۇلنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسى، تەجرىبىسىنى ھەقدارغا ئاشكارىلاپ، سەمىمىيىتىنى بىلدۈرۈش. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ۋەدىسىدە تۇرۇپ لەۋزىگە ۋاپا قىلىش، ھەقدارنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن قەرزداردا قەرزنى تولۇق قايتۇرۇش ياكى ۋاقتىدا قايتۇرۇش تۇيغۇسى بولۇشى، يامان نىيەت ۋە غەيرىي قاراش بولماسلىقى كېرەك. ساغلام، جانلىق، سەمىمىي مۇئامىلە ھەقداردا ئىشەنچ پەيدا قىلىدۇ. قەرزدارنىڭ ھەقدار قەلبىدىكى ئوبرازى قانچىلىك ياخشى تىكلەنسە، ئىشەنچ قارشى شۇنچە كۈچلۈك، چوڭ بولىدۇ. كۆپ سانلىق ھەقدارلار ئۈچۈن، قەرزدارنىڭ ئالاھىدە خىزمەت قىلىشىنىڭ، خۇشامەت، خۇش - خۇش قىلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. پەقەت سەمىمىي، راستچىل بولۇپ، ۋەدىسىدە تۇرۇپ، قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرسىلا قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق قانائەت

قەرزدارنىڭ تەكرار قەرز ئېلىش يولىنى ئاچىدۇ.

قەرزدار بىلەن ھەقدارنىڭ سەممىيىتىدە ئىشەنچ ھاسىل بولسىلا، يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان قىيىنچىلىق، پايدا - زىيان توقۇنۇشى دېگەندەك بىر قاتار ئىشلار ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا بىر - بىرسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىشەنچ كۆۋرۈكىنى پۇختا سېلىشى، ئۇنى مۇستەھكەملىشى كېرەك.

# ھۆججەت - ئىسپاتلارنىڭ كاپالىتىنى ساقلاشتىكى بىرقانچە نۇقتا

بەزىلەر ھۆججەت - ئىسپاتلارنى ئۇزۇن مۇددەت كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئۆزگىرىپ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھۆججەت - ئىسپاتلار دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىشىمۇ ئاساسى بۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇمۇ سەل قارىسا بولمايدىغان ئىش.

باشقىلارنىڭ خۇسۇسىي شىركىتىدە ئىشلىگەن بىر ئادەمنىڭ باللىرى دادىسى قازا قىلغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ ساندۇقىدىن چىققان، سەككىز يىل ئىلگىرى يېزىلغان ئۇچ پارچە 6750 يۇەنلىك ھۆججەت - ئىسپاتنى شۇ چاغدىكى قانۇنىي ئىگىسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارغان. شىركەتنىڭ ئەينى چاغدىكى ھېساباتلىرى ئاللىقاچان تۇگىگەن بولۇپ، بۇنىڭغا يېتەرلىك جاۋاب بېرىشتە قىيىنچىلىق تۇغۇلغان، ئۇلار شۇ چاغدىكى كاسسىرنى ئىزدەپ ئەھۋالنى دېگەندە، كاسسىر ئۆزىنىڭ شۇ چاغدا يېزىپ قويغان خاتىرىسىنى تېپىپ؛ باللارنىڭ دادىسىنىڭ قولىدىكى ھۆججەتلەرگە پۇل ئېلىپ بولغانلىق ھەققىدىكى ئىسپاتىنى، قول قويغان پاكىتىنى كۆرسىتىپ يولغا سالغان.

تۇرمۇشتا مۇنداق ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ياخشى جاۋابى يەنىلا ئەستايىدىل بولۇش، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا خۇلاسىلەش، كونكرېت ئىشلارنى مەخسۇس خاتىرىلەپ قويۇش.

پۇل قەرز بېرىش، قايتۇرۇش ئىشلىرىدا، ئېنىق خاتىرە

بولۇش ياكى ئېنىق خۇلاسىلەش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا توشۇش - يۆتكەش ئىشلىرى، ئادەم ئىشلىتىش، نەرسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىنى ئالدى بىلەن مەخسۇس دەپتەرگە تىزىملاش، ئاندىن ھۆججەت يېزىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش، بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالىنى يېزىش كېرەك. ماتېرىيال ئىشلىتىش بىرلەشتۈرۈلگەن ئىشلاردا ماتېرىياللارنىڭ كېلىش، ئىشلىتىلىش، بىر تەرەپ قىلىنىش ئىشلىرىنى بىرمۇبىر خاتىرىلەش، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە قول قويدۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ خۇلاسىسىنى قىلغان ۋە ئىش ھەققىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەندە ئۇلارنى بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇش، ئاندىن ھەق بېرىش ۋە قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى بېجىرىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆپ بەتلىك تالونلارغا ئوخشاش مۇھىم بولۇپ، ھۆججەت - ئىسپاتلارنىڭ كاپالەتلىك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

# ھۆجەت، ئالاھىدە پوچېركىلارنى يىغىپ قويۇش كېرەك

بەزى ئادەملەر شۇنداق تەجرىبىلىككى، ئۇلار كىم بىلەن مۇئامىلە قىلسا، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى، يېتەرسىزلىكى قاتارلىقلارغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت، پوچېركىلارغىمۇ ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغاندا، بەزى ئادەملەر قارشى تەرەپنىڭ ھەر خىل پوچېركا، ماتېرىياللىرىنى يىغىپ قويىدۇ. بۇنىڭ مۇنداق بىرقانچە ئارتۇقچىلىقى بار:

بىرىنچى، قارشى تەرەپنى تەتقىق قىلىش، چۈشىنىشكە پايدىسى تېگىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى، پائالىيەت ئەھۋالى مۇرەككەپ بولغانلىقتىن، ھەرقانچە يېقىن بولۇپ كەتكەندىمۇ، ھەممە تەرەپتىن بىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ خىل تەرەپلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرنى، ماتېرىياللارنى توپلاش، سېلىشتۇرۇش، تەتقىقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى، قارشى تەرەپنىڭ غەيرىي نورمال ھەرىكىتىنى توسقىلى بولىدۇ. زۆرۈرىيىتى كەلسە ئاشۇ خىل ماتېرىيال، پاكىتلار ئارقىلىق، قارشى تەرەپنىڭ يەنە بىر تۈرلۈك زىيانلىق قىلمىشلىرىنى بەربات قىلغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، پاكىت قىلىپ دەسسەتكىلى بولىدۇ. قارشى تەرەپ قەرزدار بولسا، ئۇ مەلۇم بىر باسقۇچقا بارغاندا تېنىۋېلىشى

ياكى قىلىشى زۆرۈر بولغان بەزى ئىشلارنى رەت قىلىشى مۇمكىن.بۇنداق چاغدا ئاشۇ خىل يىغىپ قويغان بۇيۇملارنى سوتتا پاكىت قىلىپ كۆرسەتكىلى، جەمئىيەتتە ئاشكارىلاپ، يامان تەسىرىنى چەكلىگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ پوچېركىنى يىغىپ قويغاندا، بوشلۇقلارنى قېزىپ چىققىلى، سوتقا چۇشۇپ قالسا ئۇتۇپ چىققىلى بولىدۇ.

# باشقا تىل - يېزىقتا يېزىلغان ھۆججەت - ئىسپاتنى تولۇق چۈشىنىپ قوبۇل قىلىش كېرەك

نۆۋەتتە ھەرقايسى مىللەتلەر قويۇق ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىۋاتىدۇ، باردى - كەلدى قىلىشىپ تۇرمۇشنى، ھاياتنى، دۇنيانى بىرلىكتە قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، تۈرلۈك ئىشلاردىكى پائالىيەتلىرىمىز ئوخشاش بولمىغان تىل - يېزىق، ئوخشاش بولمىغان مۇناسىۋەتلەر زەنجىرىنىڭ باغلىنىشىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن بىز دەۋاتقان ھۆججەت-ئىسپاتلارمۇ مىللەتلەرنىڭ ئادەت خاراكتېرلىك تۇيغۇسى، يېزىش شەكلى، ئىپادىلەش مەزمۇنلىرى ئاساسىدا بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. مۇشۇ ئىشلاردا يەنىلا نۇرغۇن بوشلۇق ھاسىل بولۇپ، ئۇنىڭ توغرا يولغا قويۇلۇشى، ئېتىراپ قىلىنىشى، مۇۋاپىق ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى زىيانغا ئۇچراپ، نەپ ئېلىش خاراكتېرىنى ئالغان ئىككىنچى بىر خىل ئالامىتىمۇ مەۋجۇتلۇق ئىچىدە داۋام قىلىپ، جەمئىيەتكە، كىشىلەرگە زىيان سېلىۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللار مابەينىدە باشقا تىل - يېزىقتا يېزىلغان ھۆججەت - ئىسپاتلار بەزىدە قۇرۇق قەغەزگە، بەزىدە ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرتىپنى قالايمىقان قىلىۋەتتى. بەزىلەرنى پۇشايمان، ھەسرەتكە قويدى. بىز ئالدىنقى مەزمۇندا بانكىدىن پۇلنى ئالدىغاندا بىر خەتنى خاتا يېزىپ ئالدامچىلىق قىلىش بىلەن سوتتا ئۇتۇپ بانكىنى زىيانغا

سالغان مىسالنى ئالدۇق. بۇنداق مىساللار كۆپ، بىز بۇ يەردە ئۇنى مىسال قىلىپ ئولتۇرمايمىز. چۈنكى بۇ يەردە گەپ ئۇنى بايان قىلىش ئەمەس، بەلكى شۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغان مەزمۇنلارنى يېشىپ بېرىش.

يېزىدىن كەلگەن بىر تۇغقىنىمىزنىڭ دەۋا ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ قالدىم. ئۇ مەلۇم ناھىيە بازىرىدا قاتنايدىغان كىرا ئاپتوموبىلى سېتىۋالغان بولۇپ، بىر مەزگىل خېلى كۆپ پۇل تاپقان. شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ تاكسى ئاپتوموبىللارنى نازارەت قىلىش ئورنىدىكى بىرسى ئۇنىڭدىن نەپ ئېلىشنى مەقسەت قىلىپ، ئاپتوموبىلنى قەستەن توسۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا پوپوزا قىلىپ جۇۋا تاراقلىتىپتۇ. بىراق ئۇنىڭ ھەممە رەسمىيەتلىرى تولۇق، قىلغان ھەممە ئىشلىرى يوللۇق بولغانلىقتىن، بوي ئەگمەي، بوزەك بولماپتۇ. ھېلىقى كىشى بىر پارچە خەنزۇچە جەدۋەلنى توشتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭغا قول قويساڭ ماشىناڭنى ئېلىپ كېتەلەيسەن، بۇ دېگەن رەسمىيەت دەپتۇ. ئۇ شۇنداق بىر رەسمىيەت بار ئوخشايدۇ دەپ ھېلىقى جەدۋەلگە قول قويۇپ بېرىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ 2000 يۈەن جەرىمانە تۆلەش ئۇقتۇرۇشى بولۇپ، ھېلىقى نەپسانىيەتچى خادىم ئۇنىڭ خەنزۇ تىل - يېزىقنى بىلمەسلىكتەك ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ كەتكەنىكەن. كېيىن بۇنىڭغا ئاساسەن يەنە بىر ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، 2000 يۈەن جەرىمانىنى كۈچكە ئىگە قىلىۋالغان. بۇنىڭغا چىدىمىغان تۇغقىنىمىز كۆپ قېتىم نۇرغۇن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەھۋال مەلۇم قىلغان، مەسىلە ھەل بولمىغان. كېيىن سوتقا ئەرز قىلغان، سوتمۇ بۇ ئىشنى كۆرۈپ ھۆكۈم قىلغاندا، ماشىنىنى توختىتىپ قويۇشى قانۇنسىزلىق بولغان دېگەن بولسىمۇ، يەنىلا 2000 يۈەننى تۆلەشكە بۇيرۇغان. ماشىنا دەۋا قىلىش جەريانىنى ئۆز ئىچىگە

ئېلىپ ئالتە ئاي توختىغان بولسىمۇ، پەقەت 15 كۈندە 70 يۈەندىن 1050 يۈەن تۆلەپ بېرىدۇ. ماشىنىنىڭ بۇزۇلغان يۈك بېسىش قۇرۇلمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىدۇ دەپ بۇيرۇپ قويۇلغان. تۇغقىنىمىزغا ئالتە ئايلىق ئىش ھەققى ۋە باشقا نۇرغۇن رەسمىيەتلەر بولۇپ، 37 مىڭ يۈەن زىيان بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جان ئاچچىقىدا داۋاملىق دەۋا قىلىش يولىغا ماڭغان. ئۇ ھەققانىي ئىشىمنى چوقۇم رېئاللىققا ئايلاندۇرىمەن دەپ چېپىپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ دەۋاسىدىن ياخشى نەتىجە چىقىشىدىن چىقماسلىقى كۆپ. ئۇنى قانۇنىي يولغا سالغاندا، بارلىق يامان ئاقىۋەتنى پەيدا قىلغان نەرسە، ئۇنىڭ بىلمەي تۇرۇپ قول قويغانلىقىغا مەركەزلىشىدۇ.

مەيلى بىز باشقا تىل يېزىقتىكى ھۆججەت - ئىسپاتنى قوبۇل قىلايلى، مەيلى ئۆزىمىزنىڭ تىل - يېزىقىدىكى ھۆججەتنى قوبۇل قىلايلى، ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىپ قول قويۇشىمىز، ئۇنى چۈشىنىپ ۋە تولۇق ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن قول قويۇشىمىز كېرەك. بەزىدە باشقا تىل - يېزىقتىكى ھۆججەت - ئىسپاتنى قوبۇل قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇنى بىز ئويلىغاندەك بىلىپ كېتەلىشىمىز ناتايىن. بىراق بۇنى بىر خىل شەرت - شارائىتىمىز يار بەرمەسلىك دەپ قارىماسلىقىمىز، بەلكى ئۇنى ئۆزىمىز يارىتىدىغان، ئىشقا ئاشۇرىدىغان مەجبۇرىيىتىمىز دەپ قاراپ، شارائىتنى ھازىرلىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلماسلىق قاراپ تۇرۇپ سەۋەنلىككە يول قويغانلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىق بولىدۇ. بۇنداق مەسئۇلىيەتسىزلىك مۆرىتى كەلگەندە، بىزگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك، بېسىم، زىيان سالماي قالمايدۇ. باشقا تىل - يېزىقتىكى ئىسپاتلارنىڭ بىز ئويلىغاندەك بولۇشى، بىزنىڭ ماددىي ئاساسىي ھالىتىمىزنى ئەينەن ئېچىپ، مەنپەئەتىمىزنى ئەينەن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ

بىرەلىشى ناتايىن، چۈنكى ھەرقانداق تىل ـ يېزىق ھۆججەت ـ ئىسپاتلارغا قولللىنىلىدىغان خەت شەكلى، مەزمۇن، مەنىدارلىقى ئۆزىگە خاس بولىدۇ. شۇڭا دەل شۇنداق قولللىنىدىغان، ئومۇم ئېتىراپ قىلىدىغان شەكىل، مەزمۇن ئىپادىلەنمىسە، بەلكىم كېيىنكى كۈنلەردە مەسىلە كېلىپ چىقسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟

بىرىنچىدىن، شۇ خىل ھۆججەت ـ ئىسپاتنى بىلىدىغانلارغا ئوقۇتۇپ، چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ ئاندىن قوبۇل قىلىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، باشقا تىل ـ يېزىقتا يېزىلىدىغان ھۆججەت ـ ئىسپاتنى بىلىدىغان، چۈشىنىدىغان بولۇش، يېزىشنى، ئوقۇشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، باشقا تىل ـ يېزىقتىكى ھۆججەت ـ ئىسپاتنىڭ ئاستىغا يانداشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تىل ـ يېزىقىدىكى ھۆججەت ـ ئىسپاتنى يېزىپ، قارشى تەرەپكە قول قويدۇرۇش، قايسىسىنىڭ ئاساسلىق ھۆججەت ـ ئىسپات ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىش، كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى بولغان ئەھۋاللارنىمۇ يېزىپ قويۇش كېرەك.

# قەرز ھۆججىتىنىڭ خاراكتېرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ

بىز بىرقانچە ئادەم بىرلىشىپ، شەھەر ئەتراپىدىكى مەلۇم كەنتنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى 30 يىللىق ئىجارە ئېلىپ، ئۇ يەرگە ئۆي، دۇكان سېلىپ قىممەت ياراتماقچى بولدۇق. كېيىن بۇ ئىشىمىز سۇغا چىلىشىپ، ئالدىن بەرگەن بىر بۆلەك پۇلىمىز ئېسىلىپ قالدى. بىز ئەينى چاغدا پۇلنى كەنتكە ياكى يېزىغا بەرسەك ھەم ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ، ھەم كېيىنكى كۈنلەردە ئەمەلدارلار ئالمىشىپ كەتسە، ئۇنى ئالالماي قالىمىز دەپ، مەلۇم ئىمتىيازلىق ئادەمگە بەرگەنىدۇق. پۇلنى قايتۇرۇش مەزگىلىدە ھېلىقى كىشى تولۇق قايتۇرماي سۆرەپ قويدى. بىز ئۇنىڭ دېگىنىنى نەزەرگە ئېلىپ، قالغان بىر قىسىم پۇلنى كېيىنكى يىللاردا ئالىدىغان بولدۇق، نەچچە يىل ئۆتكەندىمۇ پۇلغا جاۋاب قىلمىغاندىن كېيىن، ھۆججەت - ئىسپات يېزىپ بېرىشنى دېدۇق. ئۇ شۇنداق قىلدى. ئۇ دېگەن ۋاقىتتا بەرمىگەندىن كېيىن، ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلدۇق. بىراق ھېلىقى ھۆججەتنىڭ مەزمۇنى بىر قىسىملا ئىكەن. يەنى پالانىلارغا يەر ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئالدىن مۇنچىلىك پۇل ئېلىپ، ئۇنى مېنىڭ ئۈستۈمدىكى رەھبەرلەرگە بەرگەنىدىم. بۇ پۇلنى ئۇلاردىن ئېلىش، ئۆزۈم تېپىپ بېرىش ئارقىلىق قايتۇرىمەن، دېيىلگەن. ئەينى چاغدا بىز پۇلنى زاكالەت ئورنىدا بەرگەن بولۇپ، قانداقتۇر

بىر كىملەرگە سوۋغا ـ سالامغا بەرگەن ئەمەس. ھۆججەتتە زاكالەت پۇلى بىردىنلا ئادەملەرنى جىنايەتكە سۆرەيدىغان بىر ئۇقۇم بىلەن ئىزاھلىنىپ قاپتۇ. ھېلىقى كىشى تاپا ـ تەنە، دوق قىلىپ قەرز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتىن باش تارتىش ئۈچۈن پۇلنىڭ ئەسلىدىكى مۇھىم ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. مۇبادا بۇ ھۆججەت چىڭغا چىقىپ قالسا، پارا بېرىش جىنايىتىگە يېتىپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا ھەق تەلەپ دېلوسىنىڭ خاراكتېرى بىردىنلا ئۆزگىرىپ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى تۈردىكى بىر توپ ئادەم جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز سوتقا يازغان ئەرزدە ئەينى چاغدا قايتۇرمىغان قەرز پۇل زاكالەت پۇلى ئىدى، ھېسابات قىلىپ، شۇنچىلىك پۇل قالغانىدى، دېيىش بىلەن بىر چاغدا، قەرزدارغا خىزمەت ئىشلەپ، ھۆججەتتىكى مەزمۇننى چۈشەندۈرۈپ، پۇلنى ۋاقتىدا تۆلىشىنى، سوتلىشىپ يۈرمەسلىكنى تەۋسىيە قىلدۇق، ئۇ تەكلىپىمىزگە قوشۇلدى ھەمدە پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇردى.

مۇبادا زاكالەت پۇلى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتمەي، ھۆججەت يازغاندا پۇلنىڭ بارلىقى، قايتۇرۇلمىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مەزمۇننىلا يېزىپ قويۇپ، ئەسلىي ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىۋەتسىمۇ، ھۆججەتنىڭ قىممىتىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. مەسىلەن، بايىقى ھۆججەتكە پالانىلارغا مۇنچە پۇل بېرىشىم قالدى، دېگەن مەزمۇن يېزىلسا، ئۇ چاغدا كېيىنكى چاغلاردا ئۇ پۇلغا ئۆسۈم تەلەپ قىلسا، سوت قوللاپ، بانكا ئۆسۈمىنىڭ تۆت ھەسسىسىچىلىك تۆلەپ بېرىشكە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. مۇبادا ئۇ ئەسلىي ھالىتى بويىچە ئەينەن قىلىنىپ، زاكالەت پۇلى دېيىلسە، ئۇ چاغدا زاكالەت پۇلغا ئۆسۈم كەلمەيدۇ.

قەرز ھۆججىتى خاراكتېرىنىڭ توغرا بولۇشى ھەر ئىككى

تەرەپكە پايدا يەتكۈزىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ھەق، ئادىللىقىنى ساقلاپ قالالايدۇ ھەم ئۆزىنى قوغداش، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ئەكسىچە بولسا، ئوخشاش بولمىغان زىددىيەت ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ سەل قارىسا بولمايدىغان ئىش.

# قەرز بېرىش ۋە كىشىلىك

# تۇرمۇش

# كىشىلىك تۇرمۇشتىكى قەرزدارلىق

## مۇقەددىمە

قەرز بېرىش بىلەن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى زىچ بولىدۇ، چۈنكى سىز قەرز بەرمەيمەن دەپ قەرز بېرىشتىن توختاپ قالالمايسىز، قەرز ئالمايمەن دەپ قەرز ئالماي تۇرمۇشنى ئۆزىڭىز ئويلىغاندەك ئۆتكۈزەلمەيسىز. قايسىدۇر بىر ئىش سىزنىڭ قەرز بېرىشىڭىز، قەرز ئېلىشىڭىزغا سەۋەب بولماي قالمايدۇ. لېكىن قەرز بېرىش بىلەن قەرز ئېلىشنىڭ هامان قىيىنچىلىقى، ئاۋارىچىلىكى، ياخشىلىقى، ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. ئاۋارىچىلىك تەدبىرلەرنى ياخشى يولغا قويمىغانلىقتىن بولىدۇ، ياخشىلىق بولسا ئۇنى جايىدا ئىشلىتىش ۋە قانۇنىيەتلىك مۇئامىلە قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ جەھەتتە بىز مۇنداق بىرقانچە ئىشنى سەمىڭىزگە سالىمىز.

## قەرز بېرىش ۋە كۆڭۈل ئاغرىقى

ئىشخانىدا جىددىي ئىشلەۋاتقاندا يېقىن دوستۇمدىن تېلېفون كەلدى. ئۇ ئۇرۇمچىدىكى مەلۇم ئورۇننىڭ ئەمەلدارى ئىدى. سالام ـ سائەتتىن كېيىن ئۇ ماڭا: «دەرهال 5000 يۈەن سېلىپ بېرەلەمسىز؟» دېدى. نېمە دەي؟ ياق دېسەم تېخى بولمايدۇ، بولىدۇ دېسەم ئاخىرى ياخشى بولماي قالسا، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئوبدان، راۋان مۇناسىۋەتكە

دەخلى يېتىپ قالامدۇ ـ قانداق؟ مەن دەرھال بىرنەرسە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدىم ۋە باشقا گەپنى قىلغاچ ئويلاندىم، ئاخىرى بەرمىسەم بولمىغۇدەك دېگەن يەرگە كەلدىم. ئۇ مەن بەرگەن پۇلنى بالىسىنى خىزمەتكە چىقىرىشقا لازىم قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە بەكمۇ جىددىي لازىم بولۇپتۇ. بۇ بىر تەرىپى، يەنە بىرى ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتچىسى، ئىش ھەققى مۇقىم، ئىناۋەت ـ ئابرۇيىمۇ بار. ئۇ قەرز پۇلنى بەرمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن بىر ئاماللار بىلەن ئالغىلى بولىدۇ.

ــ بولىدۇ، ئەۋەتەي، ــ دېدىمەن كەسكىن قىلىپ.

ئۇ بەك خۇشال بولدى:

ــ گېپىمنى يەردە قويمىدىڭىز، رەھمەت! پۇلنى ئۈچ ئايدىلا قايتۇرۇپ بولىمەن، ــ دېدى ۋەدە قىلىپ، ئاندىن بانكىنىڭ كارتا نومۇرىنى دەپ بەردى.

پۇل كەتتى، ئاردىن ئۈچ ئاي ئۆتتى، ئۇنىڭدىن خەۋەر يوق. قانداق قىلاي؟ ئۇنتۇلۇپ قالغاندىمۇ؟ سۈرۈشتىسىنى قىلسام نېمە دەر؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئوغلۇمنى ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپكە يولغا سالىمەن. ئۆيۈمنى قايتىدىن بېزەيمەن. بىر كۈنى تېلېفون بەردىم.

ــ نېمىگە ئالدىرايسىز؟ توختاپ تۇرمامسىز، مەنمۇ سىزنىڭ شۇ پۇلىڭىزنىڭ يولىنى قىلىۋاتىمەن. نېمىلا بولسۇن، ماڭا تازا مۇھىم ۋاقىتتا ئەسقاتقانىدى. شۇ چاغدا شۇ پۇل بولمىغان بولسا، بالام ھازىرقى خىزمەت ئورنىغا چىقالمايتتى، ــ دېدى ئۇ ماڭا چۈشەنچە بېرىپ، ــ ھەي قاراڭ، مەن بۇ پۇلنى بىر سىزدىن ئالمىغان، 10 ئادەمدىن 5000 يۈەندىن ئېلىپ، ئىشنى ئىش قىلغانىدىم. شۇلارنى بىر ـ بىرلەپ پىلان بويىچە قايتۇرۇۋاتىمەن، بالامنىڭ ئىش ھەققى تېخى ئەمەلىيلەشمىدى،

بالامغىمۇ دېگەن «مائاشىڭنى ئېلىپ مۇشۇ قەرزگە بېرىسەن» دەپ. مانا سىزنىڭكىنى يىل ئاخىرىدا قايتۇرىدىغانغا پىلان قىلغان، توختاپ تۇرماسىز. مەندىكى پۇلنى ئالمىغانغا تۇرمۇشىڭىز تۇرمۇش بولماي قالامتى؟

بۇ گەپلەرگە قاراپ، ئادەمنىڭ تولىمۇ زەردىسى قاينايدۇ. كۆرۈكتىن ئۆتۈۋېلىپ نوچى بولۇۋالغانلىق ئەمەسمۇ بۇ؟ بەكلا ئاچچىقىم كەلدى، يەنە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

يىل ئاخىرىدا يەنە پۇل يوق، سەل زەردە قىلدىم. ماڭىمۇ پۇل لازىم بولدى، تۇرمۇشنى قامداش زۆرۈر بولدى دېدىم. ئۇ بەك ئالدىراپ كەتكەن بولسىڭىز، قەرز ئېلىپ ئەۋەتەي، دەپ دوق قىلدى. مەن تەكرار سۆيلىدىم، ئۇ ئاخىرى پۇلنى ئەۋەتتى. بىراق ئارىمىزدىكى ھېلىقى يېقىنچىلىقنى يىرىكچىلىك، ياتلىشىش ئىگىلىدى. بىكاردىنلا پۇل بېرىپ تۇرۇپ ياخشى بولۇش بەدىلىگە يامان بولدۇم. ئەسلىدە شۇ چاغدا رەت قىلىۋەتكەن بولسامچۇ دەپمۇ قالدىم. پۇل بېرىپ تۇرۇپ نېمە پايدا ئالدىم؟ بۇنى دېسە ئادەمنىڭ ئاچچىقى كېلىدۇ. بىر كىمگە پۇل بەرگۈسى كەلمەيدۇ. بىراق تۇرمۇشتا ئۇنداق قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

شۇ ئىشتىن كېيىن مەلۇم سوت مەھكىمىسىدە ئىشلەيدىغان بىر دوستىمىز 1000 يۈەن قەرز پۇل سوراپ كەلدى. ئۇنىڭ ئايالىنى كىمدۇر بىرسى ھېسابتا ئوڭدا قويۇپ، 40 مىڭ يۈەن قەرزى چىقىپ قاپتۇ. ئىدارىسى پۇلنى ئەسلىگە كەلتۈرمىسە، ئايالىغا جازا بېرىدىكەن، ھەتتا ئىشتىن قوغلاپ، قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىدىكەن. قارىسام بۇ راستتەك، ئەھۋال ئېغىردەك قىلدى. ئۇلار كۆپ يەرلەرگە بېرىپ ، قولىدىكى 39 مىڭ يۈەننى تېپىپ كەپتۇ. بۇنىڭغا ياردەم قىلمىسام بولمىغۇدەك، كىم خاتالىق ئۆتكۈزمەي ئىشلەيمەن دېيەلەيدۇ؟

مۇشۇنداق چاغدا ياردەم قىلىش بىر تەرەپتىن ئىنساب، ئەلدىن ئەلگە نەپ بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تونۇش بىلىشلىك، دوستلۇقنىڭ يۈز خاتىرىسىدىن بولىدۇ. مەن ئۇلارغا 500 يۈەن بېرىشنى ئويلىدىم. ئۇنىڭ تەلەپ قىلغىنى 1000 يۈەننىڭ ھەممىنى بەرسەم، كېيىن ئالالىشىم تەس، چۈنكى ئۇلار قولىدىكى ئاشۇ پۇللارنى قەرز ئالغان، ئەر - خوتۇن ئىشلەپ ئايدا ئالىدىغان ئىش ھەققى تايىنلىق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆي قەرزى بارلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. مىڭ يۈەن بەرسەم، ئۇنى ئالىمەن دەپ ئاۋارە بولىمەن، 500 يۈەن بەرسەم ياردەم بولىدۇ، ئۇنى بەرسە ئالىمەن، بەرمىسە ئالمايمەن. 500 يۈەننى بەرسەم، ئۇلار قەتئىي ئالغىلى ئۇنىمىدى. بىز يەنە 500 يۈەنگە نەگە بارىمىز. كېيىن قايتۇرمىساق بىزگە ئاھانەت بولىدۇ. مىڭ يۈەنلا بېرىڭلا، دېدى. بۇنىڭغا نېمە دەيمەن؟ بەردىم، ئۇلار قەرز ھۆججىتىنى ئۆلچەملىك يازدى. ئاندىن قايتۇرۇش ۋاقتى قاتارلىقلارنى بىر قۇر ئەسكەرتىپ، كىچىك توختامدىن بىرنى يازدۇق. ئۇلار ئىككى يىلدا بېرىپ بولىدىغان، بولمىسا كۈنىگە 50 يۈەندىن جەرىمانە تۆلەيدىغان بولغان. ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، پۇلنىڭ دىرىمۇ يوق، ۋاقتى ئۆتۈۋەردى، تاشلاپ يۈرۈۋەتتىم. بىر كۈنى كوچىدا كېتىۋاتسام، بىرسى مېنى كۆرۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋاتىدۇ. قايسى بىچارىدۇر دەپ قارىسام، ھېلىقى قەرزدار ئىكەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يۈزىنىڭ قىزىرىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. بىردىنلا ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ پۇلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئويلىدىم. مەن ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مائاش ئالىدىغان ۋاقتىنى ئىگىلىدىم. بىرى ئىش ھەققى ئالىدىغان كۈنى ماڭا دەپ بەردى. مەن دەرھال ئۇلارنى ئىزدەپ ئىشخانىسىغا باردىم.

– سوتقا ئەرز قىلىپ يۈزۈڭلارنى تۆكەيمۇ ياكى ئۆزۈڭلارنى سورامسىلەر؟ – دېدىم، – جەرىمانىسى پۇلىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق بولۇپ كېتىپتۇ. قانۇندىكى ماددىلارغا نەق چۈشكۈدەك بولۇپ قاپتۇ.

– بولدى، ئۇنداق قىلىشمايلى، بىز دىرىنى بېرەيلى، سوتقىمۇ بارمايلى. ھازىر پۇلدىن بىر قىسمىنى بېرىپ تۇرساق، قالغىنىنى يەنە ئىككى ئايغا بۆلۈپ بەرسەك، بىزگە يەنە بىر قېتىم كەڭچىلىك قىلسىلا، – دېدى ئۇلار تولىمۇ بىچارىلىك بىلەن. مەن جەرىمانىسىنى تولۇق ئالىمەن دەپ تۇرۇۋالدىم. چۈنكى بۇنداق قىلىش پۇلنى تېزراق تۆلىشىگە تۈرتكە بولۇش ئىدى. ھەش - پەش دېگۈچە 300 يۈەن پۇلنى ئالدىمغا قويدى. مەن ئەسلىدىكى بىر ھۆججەتكە يەنە بىر قوشۇمچە ھۆججەت، 700 يۈەنگە بىر قوشۇمچە ھۆججەت يازدۇردۇم، ئۇنىڭغا قالغان پۇلنى قايتۇرۇش ۋەدىسىنىمۇ ئەسكەرتىپ قويدۇم. ئۆزۈم ئىمزا قويدۇم. ئۇلارنى پۈتۈشكەن ۋاقىتتا سۆيلەپ قويدۇم. كېيىن ئۇلارمۇ مېنىڭ كەڭ قورساقلىق قىلغانلىقىم، يۈزىنى تۆكمىگەنلىكىم ۋە جەرىمانە پۇلنى تەلەپ قىلىپ زىيان سالمىغانلىقىم قاتارلىق بىر قاتار تەرەپلەردىن تەسىرلەندى بولغاي، پۇلنى ئۆزلىرى دېگەن ۋاقىتتىن بۇرۇنلا قايتۇرۇپ بەردى. بىر قارىسام بۇ ئىشتىمۇ كۆڭۈلچەكلىك قىلىپ، ئۆزۈمگە ۋاقىت ئاۋارىچىلىكى، كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالدىم. بىراق يەنە بىر جەھەتتىن ئادەم بولۇش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ قالدىكەن. ئىشلار شۇنداق بولىدىكەن، بۇ تېخى ئادەتتىكى ئىشلار، نى - نى ئېچىنىشلىق قەرز ئىشلىرىمۇ بولۇپ ئۆتتى. لېكىن نېمە دەيلى؟ بۇنىڭغا ھېچ نەرسە دېيىشنىڭ ئورنى يوق. پەقەت ئۆز نۆۋىتىدە بىز شۇنداق جەريانلارنى باشتىن كەچۈرىمىز، كەچۈرمەيمۇ مۇمكىن بولمايدۇ.

ئۇ بىزگە شۇنداق نېسىپ بولىدىغان ئىش بولسا كېرەك. كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ يەشكىلى بولمايدىغان بۇ سىرىغا قەدەم باسماي ئۆتەلمەيمىز. ھەيران قالساقمۇ، يامان بولساقمۇ، ئۇنىڭغا قاتناشمىساقمۇ بولمايدۇ. بىر جەھەتتىن بىر ئادەمنىڭ ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق ھاجىتىدىن چىقىش، قىيىنچىلىقىنى ئاسانلاشتۇرۇپ قويۇشىمۇ ئادىمىيلىك پەزىلەت. شۇڭا بىز قەرز ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ قالىمىز.

## دوستلۇق ۋە قەرز پۇل

چىن، ھەقىقىي دوستلۇق ساداقەت، سەمىمىيلىك، كۆيۈنۈش ۋە بارلىقىنى ئاتاش بەدىلىگە قۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدا شەخسىيەتچىلىك، نام - مەنپەئەتكە بېرىلىش ئەسلا مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇلاردىن بىرسى كەم بولسا ياكى نام - مەنپەئەت بىلەن باغلىنىپ قالسا، ئۇ ھالدا دوستلۇقنىڭ ئۇلى چىڭ، پۇختا بولمايدۇ. بەلكى ئۇزاققا قالماي يىمىرىلىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ نام - مەنپەئەت بىلەن باغلىنىپ قالغان دوستلۇق ئاسانلا بۇزۇلىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئادەملەر تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قەرزگە ئارىلىشىپ قالىدۇ. بۇنداق قەرزلەرنىڭ كۆپ قىسمى دوستلار ئارىسىدا يۈز بېرىدۇ. قەرز ئالغۇچى ئالدى بىلەن دوستلىرى بىلەن تونۇشلىرىنى ئىزدەيدۇ. دوستلۇقنىڭ ۋاستە بولۇشى بىلەن قەرز مۇناسىۋىتى، قەرز ئېلىم - بېرىمى كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

ئۇنداقتا بۇ يولدا مېڭىشقا بولمامدۇ؟ بولىدۇ. بىراق ئۇ مۇناسىپ، لىللا، ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە بولۇشى كېرەك. بۇ دېگەنلىك قەرز ئىشلىرىغا ئارىلاشقاندا، چوقۇم باشقىلارغا

قوللانغان مۇئامىلىدە، پوزىتسىيىدە بولۇپ، قەرزنىڭ بارلىق تەرتىپ، قانۇنىيەتلىرىنى ئادا قىلىشى، تولۇق ۋە بىر پۈتۈن ئىجرا قىلىشى كېرەك. ھەتتا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە، سەممىي پوزىتسىيە، ئەستايىدىل مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قەرزنى شەرتسىز، ۋاقتىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. مانا بۇلار دوستلۇقنى ساقلاپ قېلىشنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ئېنىقكى دوستلۇقتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمامدۇ.

— ئاغىنە ئادەم بىر - بىرسىدىن پۇل سورىسا بولمايدىكەن، پۇل ئاغىنىلەرنى بىر - بىرسىدىن ئايرىپ دۈشمەن قىلىپ قويىدىكەن، — دېدى بىر كۈنى بىر ئاغىنىمىز زارلىنىپ، — ھېلىقى بۇرادىرىمىز ئۆي ئالىمەن قەرز بېرىپ تۇر دەپتى، 5000 يۈەن پۇل بەرسەم، مانا ھازىر ئۈچ يىل بولدى بەرمىدى. ئۇمۇ ياكى پۇل تاپالمىدىم، تۇرۇپ تۇر دېمىدى، مەنمۇ پۇلنى بېرەمسەن دېمىدىم. قېنى قاچان بېرىسەنكىن دەپ كۆڭلۈمدە چوت سوقۇپ قويدۇم. بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى قاڭڭىدە قويىمەن ياڭىقىغا، شۇ چاغدا ۋاي دات، بىلمەپتىمەن دەپ پۈتۈمنى يالايدۇ. شۇنداق ئادەمنىمۇ ئاغىنە دەيدىكەن ئادەم. ھەي، شۇنداق ئاچچىقىم كېلىدۇ. پۇلنى ئالغان ئادەم ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق دەپمۇ بولسا قويمامدۇ؟...

بۇنداق زەردە بولىدىغانلار ئاز ئەمەس. 20 يىلنىڭ ئالدىدا دوستلۇق كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ناھايىتى مۇھىم زەنجىرى ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بازار ئىگىلىكى ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل قارىشىنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئادەملەر دوستلۇقتا باشقىچە مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا بەزىلەر دوستلۇقنى بىر خىل پۇل تېپىش، پايدا ئېلىشنىڭ

ۋاستىسى قىلىۋالدى ياكى شۇنداق تونۇشتا بولدى. بۇ يەردىكى نۇرغۇن تەرەپلەرنى دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. شۇنداق سەۋەبلەرنىڭ، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ ئىقتىساد ئېڭىدىكى سەلبىي تەسىرلەرنىڭ سەۋەبىدىن، دوستلۇقتا باشقا نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش، چەك - چېگراسى ئايرىلماسلىق ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ، دوستلۇقمۇ پۇل ياكى ماددىي مەنپەئەت بىلەن ئۆلچىنىدىغان، باغلىنىپ قالىدىغان ھادىسىلەر يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئاغىنىلەر بىر - بىرسىگە تۇزاق قۇرۇش، بىر - بىرسىگە ماددىي ۋاستىچى بولۇش ئەۋج ئالدى. بىر قىسىم كىشىلەر ئايرىم دوستلىرىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۇلارنىڭ پۇل - ماللىرىنى ئېلىپ ئىشلىتىش، قاقتى - سوقتى قىلىش، ئېلىۋېلىپ باشقا ئىشلارغا سېلىپ ۋەيران قىلىش قاتارلىق بىنورماللىقنى پەيدا قىلدى. بۇ دوستلۇققا، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە، بىر - بىرسىگە بولغان ئىشەنچكە ئېغىر زىيان سالدى، دوستلۇقنى بەربات قىلدى. دوستلىرىغا پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇپ، ئائىلىسى، خوتۇن - بالىلىرىدىن ئايرىلغانلار، ھەتتا باشقىلارنىڭ ئۆلۈش، يارىلىنىش، مېيىپ بولۇشىغا سەۋەب بولۇپ جىنايەتچىگە ئايلانغانلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇ بىر قاملاشمىغان ئىجتىمائىي ھادىسە بولغانلىقتىن، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى نۇرغۇن ئىشلار سىرلىق ھەم ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولۇپ كەتتى، كىشىلەر بىر - بىرسىگە ئىشەنمەس، بىر - بىرسىنى ئېتىراپ قىلماس بولۇپ كەتتى. بۇ بىزنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىمىز، كىشىلىك ئالاقە ۋە كىشىلىك تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرىمىزگە ناھايىتى ئېغىر زىيان سالدى. ئىناق، جىپسىلاشقان مۇناسىۋىتىمىز، قويۇق ئەخلاق، نىزاملىرىمىزدا زور يوچۇق پەيدا قىلدى. مۇھىتنىڭ يارالمىش

ھاسىلاتلىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يەنە قايتىپ كېلىدۇ ياكى كىشىلىك تۇرمۇش قايىنىمى ھەممىگە باب كېلىدىغان، ھەممە ياقتۇرىدىغان باشقىچە مۇھىتنى يارىتىشىمۇ مۇمكىن. دوستلار ئارا قەرز مۇناسىۋىتىدە ئىككى ئىشنى قىلىش كېرەك. بۇنىڭ بىرسى، قەرز مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرمەي، دوستانە ئۆتۈش. بۇ دوستلۇقنى چىڭىتىدۇ، ھەرگىز چېكىندۈرمەيدۇ، ساغلام راۋاجلاندۇرىدۇ. ئىككىنچى بىرسى، قەرز مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەندە، چوقۇم ھەقدارنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىپ، مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىش كېرەك. بۇ دوستلۇقنى داۋاملاشتۇرۇشقا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. بۇنىڭدا چوقۇم ئارىلىق ساقلاش، كۆڭۈل ئاياش كېرەك.

## ساخاۋەت قەرزى بېرىش كېرەك

كونىلاردا: «تۇغقاننىڭ تۇغقاندا ھەققى بار» دېگەن گەپ بار. ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارا ئېلىم - بېرىم قىلىش، قەرز ئېلىش، بېرىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. بار تۇرۇپ بەرمىسە، كىشىلىك ئەخلاق، ئادەملىك سالاپەتكە نۇقسان يېتىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ئىمكانىيەت بولسا قەرز بېرىپ تۇرۇش كېرەك. بۇ ئاددىيلا ئىش. بىراق ھازىر بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن دوستلۇقتىكى مۇناسىۋەتكە ۋە شۇ خىل سەۋەبلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى نەتىجىسىدە ئۇرۇق - تۇغقانلارغا قەرز بېرىش مۇھىم، ئالاھىدە ئىش، باش قاتۇرىدىغان مەنپەئەت مەسىلىسى بولۇپ قالدى. ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدىمۇ ئۇرۇق- تۇغقانچىلىقنى ۋاستە قىلىپ، ماددىي جەھەتتىن ئوڭدا قويىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەردى. بۇنىڭغا قاراپ قەرز مۇناسىۋىتى قىلىشقا بولمايدۇ دېگىلىمۇ

بولمايدۇ.

«يات يېگەندە، تۇغقان ئۆلگەندە ياخشى» دېگەن گەپ بار. مەيلى كىم بولايلى ياكى ھېچقانداق مۇناسىۋىتىمىز يوق دەيلى، ئۇرۇق- تۇغقانلىق ھەققىمىز، قەرزىمىز بار. بەزىلەرگە ئادەمنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كېلىدۇ، ئۇلار تۇغقانلىرى پۇلغا زار بولۇۋاتسا، ھەتتا پۇل يوقلۇق تۇپەيلىدىن ئۆلۈۋاتسا، قەرز بەرمەيدۇ. باشقىلارغا بېرىدۇكى، ئۇلارغا بېرىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. ئۇ سېنىڭ تۇغقىنىڭ، قېرىندىشىڭ، ئۇ ھېچبولمىغاندا سەن ئۆلگەندە جىنازاڭنى كۆتۈرۈشكە ئەسقاتىدۇ. ئۇلار ياردەمگە موھتاج بولغاندا، ياردەم قولۇڭنى سۇنۇپ قويساڭ، ساڭا شۇنى ھەسسىلەپ قايتۇرماسمۇ؟ پۇلۇڭ بىلەن سېنى دۆم سالىدىغان نائەھلىلەرگە پۇل بېرىپ تۇرىسەن، سەن ئۇچۇن مۆرىتى كەلگەندە جان پىدا قىلىدىغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭغا ياردەم قىلىشقا قولۇڭ بارمامدۇ؟! يات سېنى قاقشىتىپ يەپ كەتكىچە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭغا بەرسەڭ، پايدىلىنىۋالسا، سەندىن ئۆلگۈچە خۇش بولىدۇ.

ئۇرۇق - تۇغقانلارغا، قوشنا - قولۇملارغا، يېقىن - يۇرۇقلارغا ياردەم قىلىش ۋە ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلىش گۈزەل ئەخلاقنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئۇ ئۇزاق زامانلار داۋامىدا داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنە ۋە پەزىلەت. ئۇلارغا خەير - ساخاۋەت قىلىش، ياردەم بېرىپ قوللاش ۋە قەرز پۇل بېرىپ يېتەكلەش ھەربىر ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىدۇر. سىز كىم بولۇڭ، قولىڭىزدىن كەلسىلا، باشقىلارنىڭ ھاجىتىنى خالىس راۋا قىلىپ قويۇڭ، قەرزگە ئېھتىياجلىق بولسا دەرھال بېرىڭ. ئۇرۇق - تۇغقاننىڭ بېغى مەھكەم بولىدۇ. ئۇلار ھەرقانچە ئەسكى بولسىمۇ، يەنىلا چىدىماق قىيىن، سىز چىدىسىڭىزمۇ ئۇلار

چىدىمايدۇ. باشقىلارغا قارىغاندا بىغى مەھكەم، ئۇلاردىن تېخىمۇ كۆپ پايدا ئالالايسىز، باشقىلار سىزنى شۇلۇپ كەتكەندىن كۆرە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزدا قالسۇن. ئۇلار سىزگە مەڭگۇ ئەسقاتىدۇ، يېپىشىدۇ. شۇ چاغدىلا سىز ساخاۋەت قەرزىنى ئادا قىلالايسىز!

# قەرزدارلىقنىڭ ئاۋارىچىلىكى

بۇ يەردە كىم بولسا ئېتىراپ قىلمىسا بولمايدىغان بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ قەرزدارنىڭ ئاۋارىچىلىكى. ئۇنىڭ ئۈچ جەھەتتىن ئاۋارىچىلىكى بار: بىرىنچىسى، روھىي جەھەتتىكى ئاۋارىچىلىك. قەرز ئالغاندىن كېيىن ئۇنى قانداق ئىشلىتىش ۋە قانداق قايتۇرۇشتىن ئىبارەت روھىي بېسىم بولىدۇ. مۇبادا ئۇنىڭ باشقا تۈردىكى قىيىنچىلىقى تۇغۇلسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىكى بېسىمى زىيادە ئېغىر بولىدۇ. ئىككىنچىسى، جىسمانىي جەھەتتىكى ئاۋارىچىلىكى. قەرز مۇناسىۋەتلىرى ئۆز يولىدا تۈگەپ كەتمىسە، ئېنىقكى قەرزدار تەرەپ - تەرەپكە چېپىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ چاغدا قەرزدارنىڭ نۇرغۇن ۋاقتى ئىسراپ بولىدۇ، ئىشلىرى ئاقساپ قالىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاۋارىچىلىكى. قەرزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش - قايتۇرۇش داۋامىدا باشقا تۈردىكى قەرزگە ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك چىقىم قەرزلىرىگە بوغۇلۇپ قالىدۇ.

بىر دوستىمىز بار ئىدى. خېلى تۈزۈك بولغىنى بىلەن بىر مەزگىل جاھانغا پاتماي ياشىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ پۇلى، خىرىداسى كۆپ، بازىرى ئىتتىك ئىدى. ئىگىلىكى خېلى كۆپ تەرەققىي قىلغان. بىراق كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ ئىگىلىكى چېكىنىپ كەتتى. كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ نۇرغۇن پۇلىنى قويىۋالدى، قالغان پۇلىنى ئايالى قويۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىگىلىكى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئىگىلىكىنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن، تەرەپ - تەرەپتىن ھەر خىل شەكىلدىكى

قەرزلەرنى ئالدى. ھەتتا ۋاستە تاللاپمۇ ئولتۇرمىدى. ئۇ بىرسىدىن قەرز پۇل سورىغاندا، ئۇ كىشى پۇلىنىڭ يوقلۇقىنى، بىر ئۆيى بولۇپ، ئىمكان بار كۆپرەك پۇلغا ساتالىسا، شۇ پۇلىنى بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ھېلىقى ئاغىنىمىز ھېچ نەرسىنىڭ كۆزىگە قارىماي، ھېلىقى ئۆيىنى ئۇ كىشىنىڭ دېگىنى بويىچە 45 مىڭ يۈەنگە ساتماقچى بولغان. ئاخىرىدا ئۆزى شۇ پۇلغا ئالغان، ئاندىن كىملەردۇر بىر كىملەرگە 35 مىڭ يۈەنگە ساتقان. ئاردىن 10 مىڭ يۈەن زىيان بولغان. 45 مىڭ يۈەن پۇلنى بەش يىلدا تۆلەپ قايتۇرىدىغان، ھەر يىلى 3000 يۈەن ئۆسۈم تۆلەشكە پۈتۈشكەن. ئۇ تاپقانلىكى پۇلنى قەرزگە بېرىپ ماڭغان بولسىمۇ، دېگەن قەرەلىدە تولۇق قايتۇرالمىغان. ھەش - پەش دېگۈچە دېرىدىن باشقا 21 مىڭ يۈەن ئۆسۈم تۆلىگەن. ئۇ بۇ قەرزنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرىدا جازانىخوردىن 10 مىڭ يۈەن قەرز ئالغان. ئۇ بۇ قەرزنىمۇ بىر يىلدا قايتۇرۇپ بولالمىغان. بۇلار ئاز كەلگەندەك، ئۇ ئەينى چاغدا كىملەرگىدۇر قەرز ھۆججەتلىرىنى يېزىپ بەرگەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدىن پۇل ئالمىغان بولسىمۇ، قەرز ھۆججەتلىرىنى قايتۇرۇۋالمىغان. ئاردىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئىگىلىكى جانلانغىلى تۇرغاندا، ھېلىقى نائىنساب ئادەملەر، يەنى ئەينى چاغدا ئۇنىڭغا پۇل بەرسەم ئالالمايمەن دەپ پۇل بەرمىگەن، ئەمما ئاق ھۆججەت يازدۇرۇپ قويغان قويمىچىلار سوتقا ئەرز قىلغان. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن قېتىم سوتقا قاتنىغان ۋە ئۇتۇپ چىقىش پۇرسىتىنى تاپالمىغان. ئىجرا جەريانىدا سولاقخانىلارغا تەكرار كىرىپ قالغان. ئۇ:

— ئادەم قەرزدارچىلىقتا ئۆلۈپ قالمايدۇ، ئەمما قەرز ئاۋارىچىلىكى بىلەن چوقۇم ئۆلۈپ قالىدۇ. خەپ، پۇل دېگەننىمۇ بۇزامدىغان، قەرز دېگەننىمۇ ئالامدىغان؟ ئادەم قەرز پاتقىقىغا كىرىپ قالسا، يىپى پەقەت ئۈزۈلمەيدىغان لەگلەكتەك لەيلەپ

قالىدىغان گەپ ئىكەن. ئۇنى بورانمۇ ئۇچۇرىدىكەن، يامغۇرمۇ ھۆل قىلىدىكەن، ئاپتاپمۇ چاقىدىكەن، ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا قاتتىقلىق كەلسە، قەرزدارچىلىقتەك قاتتىق كەلمەيدىكەن.

ئۇ 10 يىلغا بارمايلا قاتتىق جۇدەپ كەتتى، قەرزدارچىلىق سەۋەبىدىن ئوبرازى خۇنۇكلەشتى، يامان تەسىرى تەرەپ - تەرەپكە تارىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خېرىدارلىرى ئازىيىپ، باشقىلارنىڭ ئولجىسى بولۇپ كەتتى.

باشقىلاردىن زاكالەت پۇلى ئالغان بىر دوستىمىز قارشى تەرەپ بىلەن ھېسابات قىلغاندا قېيىداپ زاكالەت پۇلىغا پالانىدا مانچە پۇل قەرزىم قالدى دېگەن ھۆججەتنى يېزىپ بېرىپتۇ ھەمدە بۇ پۇلنى ئىككى يىلدىن كېيىن بېرىمەن دەپتۇ، ئىككى يىل ئۆتكەندە، ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى بېرىپ، قالغان قىسمىنى ياندۇرقى يىلى يىل ئاخىرىدا بېرىمەن دەپتۇ. ھەقدارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، سوتقا ھېلىقى پۇلنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى قوشۇپ ئېلىپ بېرىشنى ئەرز قىلىپتۇ، ئۆسۈمنى بانكا پۇل قەرز ئۆسۈمى بويىچە ھېسابات قىلىپ، دىرى بىلەن تەڭ قىلىپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھېلىقى دوستىمىز دەرھال پۇلنىڭ دىرىنى كۆتۈرۈپ بارغان بولسىمۇ، ھەقدار ئۇنى ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. سوتتا بۇ زاكالەت پۇلى ئىدى، ئۆسۈم كەلمەيتتى دېگەن بولسىمۇ، يازغان ھۆججىتى قەرز ھۆججىتى بولغانلىقتىن، قوللاشقا ئېرىشەلمەپتۇ. ئۇنى نە - نەلەرگە ئاپىرىپ چۈشەندۈرسىمۇ ئاقتۇرالماپتۇ.

شۇنداق، كىچىككىنە سەۋەنلىك ۋە قەرز مۇناسىۋىتىدىكى بىنورماللىق ئادەمنى ئاشۇنداق ئاۋارىچىلىك، بىسەرەمجانلىققا سۆرەپ كىرىدۇ. بەزىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى سەۋىيەسى چەكلىك، يېتەرسىز، نۇرغۇن ئىشلارغا يۈزە قارايدۇ. ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدىغان ئىشلارغا پۇتاق چىقىرىپ قويۇپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ئۆزى ئىلىنىپ قالىدۇ.

# قەرزدارلىقنىڭ يۆتكىلىشى

بىر دوستۇمنىڭ بېرىدىغان ئازراق پۇلى بار ئىكەن. مەن ۋاكالىتەن ئەكېلىپ بەردىم، شۇ چاغدا ئىككىلىك بىر نەرسە يېزىپ بەرسىلە دېسەم، پالانىدىكى ئېلىشقا تېگىشلىك مانچىلىك پۇلدىن ھازىر مانچىلىك پۇلنى پوكۇيىنىڭ قولىدىن تاپشۇرۇپ ئالدىم دەپ يېزىپ بەردى. ھېلىقى ئىسپاتقا قاراپ دەپ قالدىمكى، ئارىمىزدا ئاجايىپ پۇختا ئادەملەر بار ئىكەن. قانداق ئويلىغان دېمەمسىلەر، كېيىنكى كۈنلەردە ماڭا قەرزدار بولۇپ قېلىشتىن تولۇق ساقلىنىپتۇ.

بەزىلەر ھەقىقەتەن بۇنداق ئىشلارغا سەل قارايدۇ، ھۆججەت - ئىسپاتلارنىڭ قاراتمىلىقىغا، مەزمۇنىنىڭ مۇناسىپ بولغان - بولمىغانلىقىغا ئانچە دىققەت قىلمايدۇ. نەتىجىدە نۇرغۇن سەۋەنلىكنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇنداق چاغدا نۇرغۇن ئادەمدىكى قەرزدارلىق بىلەن ھەقدارلىق ئالمىشىپ قېلىشى، ئاز بولمىغان ئاۋارىچىلىكلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

بىر قېتىم قېيىنئاتامنىڭ ئىشىنى بېجىرىش جەريانىدا ئۇنىڭ 3000 يۈەن پۇلىغا تاپشۇرۇپ ئالغۇچى ئىسپات يېزىپ بەردى. ئۇ ئەسلىدىكى پۇل ئىگىسىنىڭ نامىدا يېزىشى كېرەك ئىدى. دېمەك بۇ يەردە قەرزدارلىق بىلەن ھەقدارلىق ئالمىشىپ قالدى. بىر نەچچە يىل ئۆتكەندە ھېلىقى كىشى بېجىرگەن ئىشنىڭ نەتىجىسى چىقماي پۇلنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا توغرا

كەلدى. بۇ چاغدا ئۇ پۇلنى دېيىشكەن بويىچە قايتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ قايتۇرمىدى. شۇنىڭ بىلەن سوتقا باردۇق. سوت ئەرزنى قېيىنئاتامنىڭ نامىدا ئەمەس، مېنىڭ نامىمدا قوبۇل قىلىپ سوت ئاچتى. قانۇنىي ئىگە قېيىنئاتام بولسىمۇ، مەن بىلەن ئۇنىڭ قەرز ھۆججىتىدىكى ئورنى ئالمىشىپ قالغانلىقتىن، مەن ھەقدار بولۇپ قالدىم. بۇنىڭدىنمۇ نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك كېلىپ چىقتى.

بىر قېتىم ئۈچ بۇرجەك قەرز ماجىراسىغا ئارىلىشىپ قالدىم. بىر سازەندە، بىر ئالتۇن تىجارەتچىسى ۋە بىر ۋاستىچى بىرلىشىپ چالغۇ ئەسۋاب ساھەسىگە مەبلەغ سالغان، ئەينى چاغدا ۋاستىچى ئالتۇن تىجارەتچىسىدىن 70 مىڭ يۈەن پۇلنى ئېلىپ، سازەندىنىڭ سازلىرىنى ئېلىپ ساتىدىغان بازار ئېچىشقا سالغان. قەرزنى ۋاستىچى ئالغان، ئۇلار ئورتاق پايدىلانماقچى بولغان. ئاخىرىدا سازەندىنىڭ تىجارىتى ئاقمىغان، مەبلەغمۇ يوق بولغان. ئالتۇن تىجارەتچىسى ۋاستىچىنى تۇتۇپ، پۇلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قىستىغان، ۋاستىچى سازەندىنى ئىزدىگەن، سازەندە يوق دەپ تۇرۇۋالغان، ۋاستىچى سازەندىنى تىنىم تاپماي سۆيلىگەن. ۋاستىچىدىن قۇتۇلالمىغان سازەندە پۇلنى مەن بېرەي، شۇنداق كېلىشەيلى، پالانى يەردە پۇل بار ئىدى، شۇ پۇلنى ئالساملا سىلىگە بېرىمەن دەپ يۇمشىتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار مېنى چاقىرىپ مۇشۇ ئىشنى مۇلاھىزە قىلدى. مەن ھەر قايسى تەرەپنى نەزەرگە ئېلىپ تەخىر قىلىشنى، قەرز پۇلنى ۋاستىچى، ئاندىن سازەندە ئۈستىگە ئېلىپ ئەسلىگە كەلتۈرسۇن دېدىم. بىراق ھېلىقى ئىككى ئادەم بىرلىشىپ بولغانلىقتىن، ۋاستىچىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۇلار ئۆز ئالدىغا پۇلنى سۆيلىشىۋالىدىغان بولدى. بۇ ئارىلىقتىكى قاتتىقچىلىق يۇمشاپ، بوشلۇق پەيدا بولۇپ، سازەندىگە يوچۇق چىقتى.

ئاردىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە، ئالتۇنچى مېنى چاقىرىپ، پۇلنى هازىرغىچە ئالالمىغانلىقىنى، شۇڭا ۋاستىچىدىن ئالسا ئوڭ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئەينى چاغدىكى قەرزنىڭ يۆتكىلىش ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ ئالتۇنچىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئۆزىنىڭ پۇلى بىلەن ۋاستىچىنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسىنىڭ يوقلۇقىنى قانۇن ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە تەتبىقلاپ بەردىم. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتا تولىمۇ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى، ئەسلىدە پۇلى يوق سازەندىدىن ئەمەس، زىيان تارتمىغان ۋاستىچىدىن پۇلنى ئەرز قىلىپ ئالسا ھەم ئوڭ، ھەم پۇلنى ۋاقتىدا ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدى. كېيىن ئۇ قەرزنىڭ يۆتكىلىش سەۋەبىدىن، ئۆزىمۇ سەزمەي خاتالىققا يول قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆكۈندى.

جەمئىيىتىمىزدە مۇنداق ئىشلار كۆپ. بۇ يەردىكى مەسىلە ئىشنى تەرتىپلىك، قانۇنىيەتلىك توغرا قىلىشتا. قەرزدارلىق بىلەن ھەقدارلىقنىڭ ئالمىشىپ قېلىشىدا نۇرغۇن سەۋەب بار بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب بىر. ئۇ بولسىمۇ بىزدىكى بىخەستەلىك، يەنى سەۋەنلىكتۇر. بۇ پەقەت ئىنچىكە ئويلانساقلا ھەل بولىدىغان ئىش.

# قەرز پۇل ۋە خۇمارلىق

كىشىلىك تۇرمۇشتا خىلمۇ خىل ئىش، ئادەملەر بار. قەرز پۇل بېرىش ـ ئېلىشتىمۇ ئاشۇنداق ئادەملەر ئاز ئەمەس. بۇنىڭ ئىچىدە خۇمار بولۇپ قېلىش ئەڭ گەۋدىلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ.

بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، بەزى ئادەملەر قەرز ئېلىشقا ئۇستا بولۇش بىلەن بىر چاغدا قەرزنى قايتۇرماي تۈگىلىۋېلىشقىمۇ ئۇستا. بەرمەي كەينىگە سۆرەشتىكى تەدبىرلىرىمۇ شۇنداق كۆپ. ئۇلاردا پۇل بولسىمۇ ئېلىۋالغان پۇلنى قايتۇرۇشقا قېرىقلىق قىلىدىغان ئادەت بار. ئۇنداقلارنىڭ بۇ خىل خاراكتېرىنى پۇل خۇمارلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولىدۇ. پۇل خۇمارلىقىنىڭ پايدىلىق تەرىپى پۇل تېجەشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپ، كۆپ پۇل توپلاش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. زىيانلىق تەرىپى پۇل ئوبوروتىنى چەكلەيدۇ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى چاكىنا قىلىپ قويىدۇ، پۇلنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئىشلىتىلىش ئارتۇقچىلىقىنى يوققا چىقىرىدۇ، ھەتتا پۇلنى دەپ يامان ئىشلارنى قىلىدۇ، ئارىلىشىپ قالىدۇ، ئېغىر بېسىم، خۇمار قىلىش بىلەن ئىزچىل زىيانغا ئۇچرايدۇ، ئۆزىنى ئۆزى خورىتىدۇ. چۇنكى پۇلغا چىدىمىغاچقا يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ. دېمەك پۇل خۇمارلىقىنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولىدۇ. قەرز بېرىشكە خۇمار بولۇپ قېلىشمۇ بىر خىل ناچار ئىللەت بولۇپ، ئۇنداقلار باشقىلارغا بەرگەن پۇل قەرز بەدىلىگە كۆپ تەرەپلىمە مەنپەئەتكە ئىگە بولۇشنى كۆزلەيدۇ.

جازانىخورلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەرز بېرىشكە خۇمار كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان قىلمىشى ئىپلاسلىق بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. بىر قېتىم قەرز بېرىشكە خۇمار بولۇپ قالغان بىرسى كېچىدە باشقىلارنىڭ ھارىقىنى ئىچىپ، مەستچىلىكتە قەرز بەرگۈسى كېلىپ، 1000 يۈەن پۇلنى قولىغا ئالغىنىچە دەلدەڭشىپ ئىدارىسىغا كىرىپتۇ ۋە قەرز ئالىدىغان ئادەم بولمىسا ئۇزۇم تاللىرىغا قەرز بېرەيچۇ دەپ، بىر تۈپ ئۇزۇمنىڭ تۈۋىنى كولاپ پۇلنى كۆمۈپ ئارام تېپىپتۇ. بىراق ئەتىسى ئۇ پۇلنى ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ.

پۇل خۇمارلىق ماھىيىتىدىن بىمەنىلىك، ئەخمەقلىق بولىدۇ، ئۇ ھاياتقا ئېكەك سالىدۇ، خالاس.

# ئورتاق بايلىق ـ قەرز پۇل

# فوند بىزگە بايلىق ئېلىپ كەلدىمۇ،
# ياق، قەرزدارلىق!

## ھەۋەس ۋە كۆز يېشى

بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىر بۇرادىرىمىز قەرز بېرىپ تۇرۇڭ، سىزدە بولمىسا، باشقىلاردىن ئېلىپ بېرىڭ، بولمىسا ناھايىتى چوڭ خاپىلىق كېلىپ چىقىدۇ، دېدى. سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلسام، دەپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. مەن قەرز ئېلىشتىكى سەۋەبنى تولۇق بىلىشىم كېرەكلىكىنى، قەرز بېرىشكە مۇۋاپىق بولسا، تىرىشىپ باقىدىغانلىقىمنى، مۇۋاپىق بولمىسا، بەرمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ:

— ئادىشىم، ماڭا ئىشىنىڭلا، مەن پەقەت كامار بولۇپ قالغان بىر ئىشنى تولدۇرۇۋالسام‍لا قالغان ئىش تۈگەيتتى، — دېدى ھەمدە ئەر - خوتۇن فوند ئويناشقا قىزىقىپ قېلىپ، ئالدىنقى بىر مەزگىلدە 50 مىڭ يۈەن بىلەن 20 مىڭ يۈەن پايدا ئالغانلىقىنى، ئارىلىقتا يەنە 15 مىڭ يۈەن زىيان تارتقانلىقىنى، يېقىندىن بۇيان فوندنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ يەنە 150 مىڭ يۈەنلىك فوند سېتىۋالغانلىقىنى، كۈتۈلمىگەندە دۇنيادىكى نېفىت ۋە ئالتۇن باھاسىنىڭ بىراقلا چۈشۈشى بىلەن فوندنىڭ كۆرسىمۇ چۈشۈپ، 51 مىڭ يۈەن زىيان تارتقانلىقىنى، بۇ پۇلدىن بىر قىسمىنىڭ ئائىلىنىڭ ئىدارىسىدىكى كىچىك خەزىنىنىڭ پۇلى ئىكەنلىكىنى، بۇنى ۋاقتىدا تولۇقلاپ قويمىسا، ئىشتىن چاتاق چىقىپ، ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ

بارلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مېنىڭ ئاچچىقىم كەلدى، لېكىن بولغان ئىش بولۇپ بوپتۇ، ئەمدى قۇتقۇزمىغاندا مەسىلىنىڭ چوڭى كېلىپ چىقىدۇ.

— قورقمىسامۇ بولىدۇ، نېمىشقا دېگەندە، كىچىك خەزىنە قۇرۇش قاتتىق چەكلەنگەن ئەھۋال ئاستىدا ئىدارە بىر نەرسە دەپ كەتمەسلىكى مۇمكىن، بىراق قانداق بولسۇن، پۇلنى تولۇقلاپ قويمىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت، ئىستىقبالغا ناھايىتى زور نۇقسان يېتىدۇ، — دېدى ئۇ بۇرادىرىم، كۆڭلىدىكى راست گېپىنى قىلىپ.

مەن ئەر - خوتۇن ھۆكۈمەتكە ئىشلەپ ھەر ئايدا نەچچە مىڭ يۈەن ئالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەل قىلمىسا بولمايدىغان قەرزدارلىقتا ئىلىنىپ قالغانلىقىنى، بۇ ئىشتىن ئۇنى قۇتقۇزۇش زۆرۈرىيىتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ، قەرز پۇل ھەل قىلىپ بېرىشكە ماقۇل بولدۇم.

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەۋەس، قىزىقىپ قېلىش بىلەن ئۆزىنى ئۆزى قويۇۋەتكەن، قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان ئادەملەر كۆپ. ئۇلارنىڭ ھاماقەتلىكى ۋە دىتسىزلىقىغا ئادەمنىڭ ئاچچىقى كېلىدۇ، بىراق بۇ كىشىلىك تۇرمۇشتا كەم بىخەتەر، نورمال ياشايمەن دېيەلەيدۇ؟ ئاچچىق كۆز يېشى ئادەملەرنى تاۋلايدۇ، تەجرىبىلىك قىلىدۇ. لېكىن، ئىشنى ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. بايىقى دوستىمىزنى قاتمۇقات قەرز ئىسكەنجىگە ئالدى. ئۇ ئازغىنە پۇلنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئەستايىدىللىق، ئىنچىكىلىكنى، ساغلام پەرەز، توغرا ھۆكۈم قىلىشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، قارىسىغا مەبلەغ سېلىش بىلەن زىيان تارتىپ، قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان.

ھەممىگە مەلۇمكى، فوند بىر خىل ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ ئومۇمىي ئاتالغۇسى بولۇپ، ئۇ پۇلنىڭ كۆپ

تەرەپلىمىلىك يىغىلىشىدىن هاسىل بولىدىغان ئىقتىسادىي جۇغلانمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمىدىنلا مەلۇمكى، ئۇ يەككىلەر ۋە كوللېكتىپنىڭ مەبلەغ سېلىشى، پۇل توپلاپ بېرىشى ۋە پۇل يىغىشىنى قوللاش، تەشكىللەش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇنىڭ پايدا ۋە خېيىم - خەتىرىنى تەڭ ئۈستىگە ئېلىشتەك ئورتاق خۇسۇسىيىتى فوندنىڭ ئىختىيارلىق پرىنسىپىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. هالبۇكى، نۆۋەتتە جەمئىيەتتە فوند ئارقىلىق پۇل تېپىش شېرىن چۈشى كىشىلەرنى ئىگىلىۋالدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش زۆرۈركى، كىشىلەرنىڭ فوند ھەققىدىكى بىلىمى، چۈشەنچىسى، تەجرىبىسى تولىمۇ يېتەرسىز. فوند ھەققىدىكى بىلىمگە سەل قارىماسلىق كېرەك. ئۇنداقتا، فوند دېگەن زادى قانداق مەزمۇن، پائالىيەتلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى تاپىدۇ؟

### فوند دېگەن نېمە؟

فوند تارقىتىش ئاپپاراتلىرى توپلايدىغان، يەككىلەر ۋە كوللېكتىپلار مەبلەغ سالىدىغان، مەبلەغنى ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچى باشقۇرىدىغان ۋە ۋاكالىتەن يۈرۈشتۈرىدىغان ئىقتىسادىي پائالىيەت جەريانى فوند دەپ ئاتىلىدۇ.

فوند كەڭ مەنىدىكى فوند ھەم تار مەنىدىكى فوند دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا ئارتۇقچىلىقى بار بولۇپ، كەڭ مەنىدىكى فوند ھاۋالە مەبلەغ فوندى، ئورۇنلار ھاۋالە فوندى، تۇرالغۇ جامائەت فوندى، سۇغۇرتا فوندى، پېنسىيە فوندى ۋە تۈرلۈك فوند جەمئىيەتلىرىنىڭ فوندىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئاكسىيە بازىرىدىكى يېپىق شەكىللىك ۋە ئوچۇق شەكىللىك بولغان، پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلىدىغان ياكى قىممىتىنى

ئاشۇرۇشنى نىشان قىلغان، يۇقىرى كۆتۈرۈش، قىممىتىنى ساقلاپ قېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە فوندنى كۆرسىتىدۇ. ئالاھىدە مەقسەتلىك ۋە ئالاھىدە ئىشلىتىلىدىغان مەبلەغنى چىقىش قىلغان فوند تار مەنىدىكى فوندنى كۆرسىتىدۇ. ھۆكۈمەت ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى مەبلەغ سالغۇچىلار تار مەنىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار مەبلەغ سېلىنمىسىنى قايتۇرۇپ كېلىشنى، پايدا ئېلىپ يۇقىرى قىممەت يارىتىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالمايدۇ، قانۇن - بەلگىلىمىلەردە بېكىتىلگىنى ۋە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە پەقەت مەبلەغنى بېكىتىلگەن ئىشقا ئىشلىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ھال تار مەنىدىكى فوندنى شەكىللەندۈردۇ. ھازىر جەمئىيەتتە كەڭ ئومۇملىشىۋاتقىنى كەڭ مەنىدىكى فوند بولۇپ، بۇنداق فوند ئاكسىيە سېلىنمىسى قىلىنىدۇ. ئاكسىيە سېلىنما فوندى پايدا - مەنپەئەتنى ئورتاق مەنپەئەت ئالىدىغان، شۇنداقلا خېيىم - خەتەرنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىپ تەڭ تارتىدىغان، مەخسۇس باشقۇرۇلىدىغان بىر خىل توپلانما مەبلەغ سېلىش شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ پاي چېكى ۋە ئاكسىيەگە ئوخشاش بىۋاستە مەبلەغ سېلىش شەكلىنى ئوخشاشمىغان رەۋىشتە ئېلىپ بارىدۇ؛ فوند بىر خىل ۋاستىلىك مەبلەغ سېلىشنى ئاساس قىلغان سەرمايە — مەبلەغنى يۇرۇشلەشتۈرۈش قوراللىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

## فوندنىڭ قانداق تۈرلىرى بار؟

فوندقا مەبلەغ سالغۇچىلار ئوخشاش بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ قىزىقىشى، بىلىم قۇرۇلمىسى، چۈشەنچىسى، ئىقتىسادىي شەرت - شارائىتى قاتارلىقلار فوندنىڭ تۈرلىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ، فوندنىڭ تۈرلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئومۇملاشتۇرغاندا مۇنداق بىرقانچە تۈرلۈك فوند تۈرىنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ:

1. پاي چېكى خاراكتېرىنى ئالغان فوند. فوند جۇغلانمىسىنىڭ ياكى سېلىنمىسىنىڭ 60% تىن كۆپرەكى پاي چېكى قىلىپ سېلىنغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇ پاي چېكى خاراكتېرىنى ئالغان فوند بولىدۇ.

2. زايوم خاراكتېرىدىكى فوند. بۇ فوند جۇغلانمىسىنىڭ ياكى سېلىنمىسىنىڭ 80% تىن كۆپرەكى زايومغا مەبلەغ قىلىپ سېلىنغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇ زايوم خاراكتېرىنى ئالغان فوند بولىدۇ.

3. پۇل خاراكتېرىنى ئالغان فوند. فوند جۇغلانمىسىنىڭ ياكى سېلىنمىسىنىڭ كۆپرەكى پۇل بازارلىرىغا، پۇل بازىرى قوراللىرىغا مەبلەغ قىلىپ سېلىنغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇ پۇل خاراكتېرىنى ئالغان فوند بولىدۇ.

4. ئارىلاشما فوند. فوند جۇغلانمىسى ياكى سېلىنمىسى پاي چېكى، زايوم، پۇل بازىرى قوراللىرىغا مەبلەغ قىلىپ سېلىنغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئارىلاشما خاراكتېرىنى ئالغان فوند بولىدۇ.

شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىش بولسىمۇ، پايدا يارىتىش، خېيىم - خەتەرنى ئازايتىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۆز ئالدىغا خاسلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئېلىپ كېلىدىغان خەتىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پاي چەك خاراكتېرىدىكى فوندنىڭ خەتەر دەرىجىسى بەك يۇقىرى بولىدۇ، پۇل بازىرى قوراللىرى خاراكتېرىدىكى فوندنىڭ خەتىرى ئەڭ ئاز بولىدۇ. فوندنىڭ سېلىنما سېلىنىشى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئاتىلىشىمۇ ھەر قايسى دۆلەت ۋە رايونلاردا ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىدا ئورتاق فوند، ئەنگلىيە ھەم شياڭگاڭدا ئورۇنلار ھاۋالىسى فوندى، ياپونىيەدە ئاكسىيە سېلىنمىسى بويىچە ھاۋالە فوند ئاساس قىلىنىدۇ.

## فوندنى كىم باشقۇرىدۇ؟

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، كەڭ مەنىدىن ئالغاندا فوندنى ئومۇمىي خەلق باشقۇرىدۇ، خاسلىقى نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئۇنى ۋاكالىتەن مەخسۇس باشقۇرغۇچى باشقۇرۇپ يۈرۈشتۈرىدۇ. جۇڭگودا فوند شىركەتلىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ھەر قايسى بانكىلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ فوند تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ھەر قايسى بانكىلار فوند شىركەتلىرىگە ۋاكالىتەن فوند تارقىتىپ رەسمىيەت ھەققى ئالىدۇ. فوند سېتىۋالغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئارزۇسى، چۈشەنچىسى ۋە ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىگە ئاساسەن، فوندنىڭ قايسى تۈرىنى مۇۋاپىق كۆرسە، شۇنى سېتىۋالىدۇ. ئۇنىڭغا چەك قويۇلمايدۇ، بېسىم قىلىنمايدۇ، ئەڭ زور دەرىجىدە ئىختىيار قىلىنىدۇ. مەسىلەن، مۇئەللىپ مەلۇم يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىكى بىر كەسپىي خادىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن مۇنۇلارنى بىلدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، فوند سېتىۋالغۇچىلار ئۆزلۈكىدىن بېرىپ، رەسمىيەت ئۆتەپ فوند سېتىۋالغان، بىر تۈركۈم كىشىلەر فوند سېتىۋېلىش ھەققىدە مەسلىھەت سورىغان. ئۇلارغا تولۇق چۈشەنچە بەرگەن ھەم فوند سېتىۋېلىشتا بىرمۇ ئادەمنى زورلاپ، مەجبۇرلاپ باقمىغان. چۈنكى بانكا ئارىلىقتىكى ۋاستىچى بولۇپ، تونۇشتۇرۇپ قويۇش، ۋاكالىتەن بېجىرىپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا، فوند شىركەتلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىش، مۇئامىلىدارلارغا قانداق مۇلازىمەت قىلىش، قانداق پايدا يەتكۈزۈشتەك بىر قاتار ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ.

## فوند سېتىۋېلىشقا قىزىقامسىز؟

يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىكى بايىقى خادىم فوند

سېتىۋېلىشتىكى تەرتىپلەر ھەققىدە مۇنداق دېدى: فوندنى ھەرقانداق ئادەم سېتىۋالسا بولىدۇ، سېتىۋېلىشنىڭ يوللىرى، ۋاستىلىرى ھەر خىل ھەم قولاي. سىز بانكىدىن فوند رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، ئۆيىڭىزدە، خىزمەت ئورنىدا ياكى سەپەردە بولسۇن، ھەرقانداق چاغ، ھەر قانداق ئورۇندا يان تېلېفون، تېلېفون، كومپيۇتېر، يەنى تور بولسا فوند سېتىۋالالايسىز، بانكىغا كېلىشىڭىز، ئالاھىدە رەسمىيەتلەرنى ئۆتۈشىڭىز ھاجەت ئەمەس. فوند سېتىۋالغاندىن كېيىن، بانكا ياكى بانكىنىڭ تور نۇقتىلىرىدىن فوندنىڭ كۈندىلىك ئۆسۈش - چۈشۈش ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغىلى بولىدۇ.

شۇنداق، فوند سېتىۋېلىش بەكمۇ قولاي. پەقەت سىز ئالدى بىلەن بانكىغا بېرىپ ياكى ئۆچۈر يوللاپ، ئۆزىڭىزنىڭ بانكا كارتىسىغا ئاساسەن، فوند ھېساباتى ئاچىسىز. ئاندىن قايسى خىل فوندنى، قانچىلىك پۇلغا سېتىۋالماقچى بولسىڭىز، شۇ پۇلنى بانكا كارتىسىغا كىرگۈزۈپ، شۇ بانكا كارتىسى ئارقىلىق، فوند ھېسابىڭىزغا فوند سېتىۋالىسىز.

ئىگىلىنىشىچە، نۆۋەتتە تەرەققىي قىلغان ئەللەردە فوند سېتىۋالغۇچىلار شىددەت بىلەن ئاشقان، بەزى دۆلەتلەردە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 56% ى فوند سېتىۋېلىش بىلەن پۇل تاپىدىغان بولغان ياكى پۇلنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش نىشانىغا يەتكەن. جۇڭگودا يېقىنقى ئىككى يىلدا فوند سېتىۋالغۇچىلار شىددەت بىلەن كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئاران 10% نى ئىگىلىگەن. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب: جۇڭگودا دېھقان - چارۋىچىلار نوپۇسىنىڭ كۆپ بولۇشى، فوندنى چۈشەنگۈچىلەرنىڭ كۆپ بولماسلىقىدىن ئىكەن.

فوند سېتىۋېلىشقا فوند شىركەتلىرى ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش ھەققى ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ فوند سېتىۋالغۇچىلاردىن ئالىدىغان

ھەققىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ ھەققى 0.8% تىن 1.5% كىچە بولىدۇ، ھەق ئېلىشتا ئېتىبار قىلىنىدىغىنى پۇل بازىرى قۇراللىرىغا مەبلەغ سېلىش تۈرى بولۇپ، سېلىنغان فوندتىن ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش ھەققى ئېلىنمايدۇ، فوندنى سېتىش مۇلازىمىتىمۇ بانكا ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغاچقا، مەيلى فوند سېتىۋېلىڭ، مەيلى قولىڭىزدىكى فوندنى سېتىۋېتىڭ، ۋاكالىتەن سېتىش ھەققى تۇتۇپ قېلىنىدۇ. ئادەتتە بۇ ھەق 0.8% تىن 1.2% كىچە بولىدۇ. بۇنداق ھەق فوندنى سېتىۋېلىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ساقلاش ۋاقتى قانچىلىك ئۇزۇن بولغانسېرى ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان ھەقمۇ شۇنچىلىك تۆۋەن بولىدۇ. ئادەتتە ساقلاش مۇددىتى ئۈچ يىلدىن ئاشسا، سېتىش ۋاكالىتەن ھەققى ئېلىنمايدۇ. فوندنى سېتىۋەتمەكچى بولۇپ ساتسىڭىز، فوند شىركىتى پۇلىڭىزنى بەش كۈندىن يەتتە كۈنگىچە ھېسابىڭىزغا كىرگۈزۈپ بېرىدۇ.

### فوند سېتىۋېلىشنىڭ پايدىسى كۆپمۇ؟

بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بەرمەك قىيىن، چۈنكى ئۇ كۆپ تەرەپتىكى ئامىللارغا باغلىق. ئادەتتە فوند شىركەتلىرى ئۆزى تاپقان، ئۆزى ئېرىشكەن پايدىغا قاراپ، قەرەلسىز ھالدا فوند سېتىۋالغۇچىلارغا پايدا ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ فوند سېتىۋالغۇچىنىڭ سېتىۋالغان ئومۇمىي سانىغا ئاساسەن ئايرىپ بېرىلىدۇ. پايدا ئايرىشتا ئىككى خىل ئۇسۇل بار: بىرى، نەق پۇل ئارقىلىق پايدا ئايرىپ، فوند سېتىۋالغۇچىغا نەق پۇل بېرىپ، كارتىسىغا نەق پۇل كىرگۈزۈپ بېرىلىدۇ؛ يەنە بىرى، پايدىغا فوند ھېسابلاپ بېرىش بولۇپ، پۇل بەرمەي يەنە فوند قوشۇپ بېرىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنى قوللىنىشنى فوند سېتىۋالغۇچىلار ئۆزى تاللاپ

بېكىتىلىدۇ.

زادى فوند سېتىۋېلىشنىڭ پايدىسى كۆپمۇ ــ ئازمۇ دېگەن سوئالغا بىر تارىخىي نۇقتىدىن نەزەر سالساق بولىدۇ. 2006 ـ يىلدىن بۇيان، فوندنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى ئىزچىل يۇقىرى بولۇپ كەلدى. بۇ كۆپلىگەن كىشىلەرنى فوند سېتىۋېلىشقا قىزىقتۇردى. ھالبۇكى، 2007 ـ يىلدىن كېيىن فوندنىڭ ئۆسۈش ـ چۈشۈش نىسبىتىدە روشەن ئېگىز ـ پەسلىك كېلىپ چىقىپ، كىشىلەر ئىزچىل كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، پاي چېكى بازىرىنىڭ داۋالغۇشى، بولۇپمۇ نېفىت، ئالتۇن باھاسىنىڭ توختاۋسىز ئېگىز ـ پەس بولۇشى، پۇل مۇئامىلە كىرىزىسى قاتارلىقلار فوند بازىرىغىمۇ بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئامىللار پاي چېكى بازىرىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى، بۇنىڭ بىلەن پاي چېكى خاراكتېرىدىكى فوندنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئېغىر بولۇشىغا سەۋەب بولدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، فوند سېتىۋېلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن پايدا ئېلىش يالغۇز بىر تەرەپكە باغلىق ئىش ئەمەس.

## فوند سېتىۋېلىشتا نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟

1. فوند سېتىۋېلىشتىن ئاۋۋال فوند ھەققىدە بەلگىلىك ئاساسىي بىلىمنى ئىگىلەش كېرەك. مەيلى قايسى بىر ئىشنى قىلىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم شۇ ئىش ھەققىدە مەلۇم بىلىمگە ئىگە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. فوندمۇ شۇنداق. فوند سېتىۋېلىشتىن ئاۋۋال فوند ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق، ئەمەلىي بىلىمگە ئىگە بولۇش زۆرۈر. بولۇپمۇ پۇل مۇئامىلە بىلىملىرى، بازار سودىسى بىلىمى، تىجارەت بىلىمى، مالىيە، باج ئىشلىرى، مۇناسىۋەتلىك قانۇن ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى بىلىش، ئۆگىنىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە فوندنىڭ تۈرى،

تۈرلۈك فوندلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، مەبلەغ سېلىش ئۇسۇلى، خېيىم - خەتەر ئەھۋالى، يارىتىدىغان پايدىسى، پايدا تەقسىملەش، فوند باشقۇرغۇچىنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلارنى بىر قەدەر ئەتراپلىق بىلىش كېرەك. بۇ جەھەتتە يەنە ئەمەلىي ئۈنۈمنى نەزەرگە ئېلىپ، فوند سېتىۋېلىشتىكى پەيتنى توغرا ئىگىلەپ، توغرا تاللاپ، ئاز دەسمىي بىلەن كۆپ پايدا يارىتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

2. فوند سېتىۋېلىشتىكى خاتا قاراشلاردىن ساقلىنىش كېرەك. فوند سېتىۋېلىشتا توغرا بولمىغان قاراش ۋە كۆپ ئۇچرايدىغان خاتالىقلارغا يولۇقۇش مۇمكىن. بەزىلەر فوند سېتىۋالغاندا بىر كېچىدىلا باي بولۇپ كېتىشنى ئويلايدۇ. مانا بۇ شۇ كىشىنىڭ فوند ھەققىدىكى ئۇچۇرلاردىن بىخەۋەرلىكىنىڭ دەلىلى، شۇڭا فوند سېتىۋالغاندا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا سېتىۋېلىش، ئىشەنچلىك تۈرنى، مۇنەۋۋەر فوند باشقۇرۇش شىركەتلىرىنى تاللاش كېرەك. شۇ چاغدا ھېلىقىدەك شېرىن خىيالدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ؛ بەزىلەر فوندنىڭ ئەرزانلىرىنى سېتىۋېلىشنى بىخەتەر دەپ قارايدۇ. ئېنىقكى، بۇ توغرا بولمىغان قاراش، چۈنكى توغرا ھۆكۈم قىلالىسا، ئەرزانلىرىنى ئالغاندىن قىممەتلىرىنى ئالسا، ئۇنىڭ پايدىسى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇ ئەرزان فوند ئېلىپ، ئاز قىممەت ياراتقاندىن مىڭ ئەۋزەل بولىدۇ. بەزىلەر چولپان فوندنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، بىراق ئۇنداق بولۇشى ناتايىن، چۈنكى بۈگۈن سىزدىكى فوند ناچار بولسا، بۇ بىرقانچە كۈندىن كېيىن، بىردىنلا ياخشى فوندقا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇنىڭغا يۇقىرى چەك قويۇشقا، تەمەننا قىلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا سىز سېتىۋالغان فوند 30% ئەتراپىدا پايدا ياراتسا، سىز ئۇنى يەنە پايدا يارىتىدۇ دەپ قاراپ تۇرماي، دەرھال سېتىشنى كەسكىن قارار قىلىڭ. بەزىلەر

فوندقا ئۇزاق مەزگىل مەبلەغ سېلىش كۆپ پايدا ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغىمۇ بىر نەرسە دېمەك تەس. ئەگەر سىز مەغلۇپ بولسىڭىز، ئۇ چاغدا سىزنىڭ تاللىشىڭىز ئۇ فوندنى ئېلىش ياكى بۇ فوندنى ئېلىش بولۇشى مۇمكىن، پەقەت بولمىغاندىمۇ ئېلىش ـ ئالماسلىقتا ئىككىلىنىشىڭىز مۇمكىن. بەزىدە ئۇزاق مەزگىللىك مەبلەغ سېلىپ، يىغىپ قويۇپ ساتالماي قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ چاغدا سىز مەبلەغ سېلىش، ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈشتە مۇۋاپىق تەڭشىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ.

فوند ھەققىدە نۇرغۇن تالاش ـ تارتىش ۋە قاراش مەۋجۇت. ئۇنى كىشىلەر تەلەي يۇلتۇزىغا ئوخشىتىدۇ. بۇ دېگەنلىك تەلىيىڭ ئوڭدىن كەلسە، بېشىڭغا ئامەت قۇشى قونىدۇ، تەلىيىڭ تەتۈر كەلسە، ئامەت قۇشىڭ ئۇچۇپ كېتىدۇ، زىيان تارتىسەن، ھەتتا نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قالىسەن، دېگەنلىك بولىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش ۋە بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ھەممە ئادەم پۇل تاپسام، باي بولسام دەپ تىركىشىدۇ. ئاكسىيە، پاي چېكى، فوند قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى ئارزۇسىنى قاندۇرۇشتىكى سورۇنى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى فوندقا دەسمىي سېلىپ پۇل تاپقانلار ئاز ئەمەس. نۆۋەتتە نۇرغۇن كىشىلەردە ئېشىنچا پۇل بار، ئۇ پۇل كۆپ بولمىسىمۇ يەنە پۇل تاپسا، قىممىتىنى ئاشۇرسا بولىدۇ. ئۇنىڭ فوندقا ئوخشاش ۋاستىلىرى ناھايىتى كۆپ. پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرىنىڭ بېيىپ كېتىشىدىكى سىر نەدە؟ پەقەت ئۇلارنىڭ پۇلى تۇرلۇك شەكىلدىكى پۇل تېپىش سورۇنلىرىنىڭ ھازىرلىنىشى بىلەن خىرىس، رىقابەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق پۇل تاپالايدىغان سەھنە ھازىرلىغانلىقىدا. كىشىلەر ئۇچۇن فوندمۇ بىر سەھنە. بۇ سەھنە قانداق پاياندار سالىدۇ. ئۇ سىزنىڭ قولىڭىزدا، گەپ سىز شۇ پاياندازغا قانداق دەسسەشنى بىلىش ۋە

ئۇنى ئۆزىڭىزنىڭ ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشتا. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۇنى ھەقىقىي تونۇشىڭىز، ھەقىقىي بىلىشىڭىز كېرەك. بولمىسا، ئۇ سىزگە بايلىق ئەمەس زور قىيىنچىلىق، ئاچچىق ئازاب ۋە قەرزدارلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن پەيدا بولغان قەرزدارلىق بەزىدە سىزنى ئۇخلىيالماس، ئاغرىقچان قىلىپ قويىدۇ، چۈنكى سىز نۇرغۇن پۇلنى ھېچ نەرسە سېتىۋالماي، نېمىگە ئىشلەتكەننى بىلمەي، ئاشۇ پۇلىڭىزدىن ھۇزۇرلانماي زىيان تارتقانلىقىڭىزدىن ئۆكۈنۈپ، پۇشايمان بىلەن ياشايسىز. ھەر قېتىم ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان قەرزدارلىقنى ئادا قىلغاندا، يۈرىكىڭىز سۇغۇرۇلىۋاتقاندەك بولىسىز! ئەڭ دەھشەت يېرى مانا مۇشۇ يەردە. ئۇنى بىلىسىڭىز، چۈشەنسىڭىز، ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىپ بېقىڭ، تەلىيىڭىز كېلىپ قالمايدۇ دەپ قارىغىلىمۇ بولمايدۇ. دېمەك، بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى سىزنىڭ تاللىشىڭىزدا بولىدۇ.

# قانداق كارخانىلار قەرز پۇلنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ؟

بىر كارخانىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە نۇرغۇن ئامىللار ئۆزىنىڭ رولىنى نامايان قىلىدۇ، ئۇ مۇرەككەپ قۇرۇلما، ئىشلەپچىقىرىش، ھۈنەر ـ سەنئەت، بىلىم، ئىقتىدار بىلەن باغلىنىدۇ. مانا مۇشۇ تەرەپلەر ئىچىدە يەنە قەرز مۇئامىلىسىمۇ بولىدۇ، مۇتلەق قەرزسىز قۇرۇلىدىغان كارخانىلار بەك ئاز، كەم تېپىلىدۇ، دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىر كارخانىنىڭ ئۆزى بىر چوڭ مۆجىزە، بىر ئۇلۇغ ئىجادىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمدى مانا مۇشۇ ئىجادىيەت ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يولىدا ئۆزگە خاس يول تۇتۇشى، ئۆزگە خاس تەرەققىيات يولىنى ئېچىشى كېرەك. بۇ دېمەك ئاسان بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە قىلىش ۋە بارلىققا كەلتۈرۈش ئاسان ئىش ئەمەس. نۇرغۇن قىيىنچىلىق، خىرىس ۋە رىقابەت ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ تۇسىدۇ. ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ھەل قىلىشقا، جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، پاراسەت بىلەن غالىب كېلىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەمما بەزىبىر ئوبدان كېتىۋاتقان كارخانا ـ زاۋۇت بىردىنلا ۋەيران بولۇپ، ھالاك بولىدۇ. بۇنى ئىنچىكە سۈرۈشتە قىلسا، ئەڭ مۇھىم سەۋەب مەبلەغ كەمچىل بولۇش ئىكەنلىكىنى، ھېساباتىنى تەكشۈرسە، نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

راستىنى دېگەندە، كارخانىلارنىڭ قەرز مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ناھايىتى زۆرۈر بولغان مەسىلە. نۆۋەتتە كارخانىلارنى ۋەيران قىلىدىغان مۇنداق بىرقانچە خىل قەرز پۇل مۇئامىلىسى مەۋجۇت:

**1. مۇقىم مۈلۈك تىپىدىكى مەھسۇلات قەرز پۇلىنى مۇۋاپىق دائىرىدە تىزگىنلىمەسلىك.** بىر كارخانىغا نىسبەتەن قەرز پۇلنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم، چۈنكى قەرز پۇلنىڭ سالمىقى بەزىدە شۇ كارخانا ئومۇمىي مۈلكى، سەرمايىسىنىڭ بەزىدە يېرىمىنى، ھەتتا 70 — 80% نى ئىگىلەپ قالىدۇ. بۇنداق كارخانىلارنىڭ زور كۆپ قىسىم مەبلىغى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، بىلەن بىرگە مەھسۇلات زاپاس سېلىنمىسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. مەھسۇلات زاپاس سېلىنمىسى دېگىنىمىزدە، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدا بازارغا سېلىنغان، كەڭ كۆلەمدە نېسىي تاقىتىلغان ياكى ئالدىن تارقىتىلىپ، ئالدىن پۇل ئېلىنىدىغان تىجارەت شەكلى بولۇپ، تارقىتىلغان مەھسۇلاتنىڭ مەبلىغى دەمال قايتىپ كەلمەيدۇ ياكى ئوبوروتى تېز، راۋان بولماسلىق، ئىستېمال قىلىنىشى تۆۋەن بولۇش سەۋەبلىك مەھسۇلاتنىڭ بازىرى كاسات بولۇپ قالىدۇ - دە، سەرمايە مۇقىم مۈلۈك بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ. مۇبادا بۇنداق قىلىشقا ئالدىراپ قېلىنسا، كارخانىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى، پايدىسىغا ئېغىر نۇقسان يەتكۈزىدۇ، شۇڭا كارخانىلار بۇ خىل تۇرگە سالغان مەبلەغ - سەرمايىسىنى ئۆزىنىڭ كۆچىگە تايىنىش بىلەن ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ - دە، قەرز مەبلىغىگە تايىنىپ ھەل قىلىدۇ. مانا بۇ كارخانىنىڭ قەرزىنى زىيادە ئاشۇرۇپ قويىدۇ.

**2. قەرز مۇئامىلىسىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلماسلىق.** بەزى كارخانىلار زىيادە قىزغىنلىق ۋە زورۇقۇپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەھسۇلات سېتىشقا بېرىلىپ

كېتىپ كارخانىنىڭ قەرز مۇئامىلىسىگە قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلمايدۇ، بۇ جەھەتتە سەزگۈر بولسىمۇ، ئەستايىدىل ئەمەس. بۇنىڭدا سەۋەبلەر بەك كۆپ، بىر قارىسا، ھەممە ئىشنى جايىدا قىلغاندەك تۇرىدۇ، بىر قارىسا، ئۇنى قىلسا بۇ قالىدۇ، بۇنى قىلسا ئۇ قالىدۇ. قايسى بىرىنى قاچان، قانداق قىلىشتا بىر قارارغا كېلەلمەيدۇ. قەرزنى قايتۇرۇشقا قىزىقسىمۇ، ئۇنى بىر تەرەپ قىلغۇدەك سەرمايە تاپالمايدۇ، تاپسىمۇ ئۇنى پايدا ئالىدىغان يەنە بىر تۈرگە سالغۇسى كېلىپ قالىدۇ ـ دە، قەرز دېگەننى قاچان بەرسەم بولىدىغۇ؟ ناھايىتى كەلسە جەرىمانە تۆلەيمەن، ئۆسۈم تۆلەيمەن، ئۇنى قاچان بولسۇن، ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مانا بۇ قاراش قەرز پۇل قاتماللاشتۇرۇپ قويىدۇ. كارخانا ئىشلىرى ۋە پۇل مۇئامىلە تەرتىپلىرىدە بۇنداق مۇئامىلە قىلىش ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇناسىپ بولمىغان تەتۈر تاناسىپلىق مۇئامىلە زىتلىقىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ نۇرغۇن جەھەتتىن سۆرەلمىلىكنىڭ شەكىللىنىشىنى تېزلىتىپ، قەرزدارنىڭ ئىناۋەت ئوبرازى، ئىشەنچلىك دەرىجىسى، ئىناۋەت سۈپىتىنى يوققا چىقىرىپ، قەرز پۇل مۇئامىلىسىدىكى يۈرۈشمە ـ راۋان ئەندىزىنى بۇزىدۇ. شۇڭا قەرز پۇل مۇئامىلىسىنى تىرىشىپ راۋان قىلىش، ۋاقتىدا قايتۇرۇش، ۋاقتىدا بېجىرىش زۆرۈر.

3. قەرز پۇلنى قەرزگە بېرىپ قويۇش. شۇنداق ئىشلارنىمۇ كۆردۇقكى، بەزى كارخانىلار مەلۇم سەۋەب ۋە مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەسىرى بىلەن قەرز پۇلنى باشقا بىر قەرزدارغا قەرز بېرىپ تۇرىدىغان ئەھۋاللىرىنى ئۇچراتتۇق، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قەرز ئۆسۈمى ۋە قەرز خېيىم ـ خەتىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، قەرز پۇلنى باشقىلارغا قەرز بەرگەن. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشتىن كېيىنكى مەزگىلدە پايدا ئېلىش، يول

ئېچىش. قارىماققا بۇ بىر ياكى بىرنەچچە خىل ۋاستىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى نىشان قىلغان بولىدۇ، يەنى سىياسىي ۋاستە، يول قويۇش ۋاستىسى، سېتىش ياكى سېتىۋېلىشتا ئېتىباردىن بەھرىمەن بولۇش ۋاستىسى، پۇرسەت، شەرت - شارائىت يارىتىش ۋاستىسى قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولۇشىدىن بولماسلىق ئېھتىماللىقى كۆپرەك بولىدۇ. چۈنكى ھەقدار بىلەن قەرزدارنىڭ بۇ جەھەتتىكى نىشان ۋە پىلانلىرى بىردەك بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەرز پۇلنى ئىشلەتكۈچىنىڭ ۋەدە بېرىپ تۇرۇپ ئىش قىلىشنى ھۆددە قىلغىلى بولمىغانلىقتىن، پىلان، نىشان قەرز پۇلنى ئىشلەتكۈچىنىڭ پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت يارىتىش خاسلىقىغا ماس كەلمەيدۇ ياكى شۇ خىل ئىمتىيازنىڭ ھەقدارى بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولمايدۇ. دېمەك ئۇنداقلاردىن ئالدىغان نەپ ئەمەلىيەتتە قەرز پۇلنىڭ ئۆز زىممىسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرالمايدۇ. شۇڭا قەرز پۇلنى قەرز بېرىشكە سەرپ قىلىشقا بولمايدۇ.

**4. قەرز پۇلنى باشقا تۇرگە سېلىپ زىيان تارتىش.** بەزىدە بىر تۇرگە ئالغان قەرز پۇلنى يەنە بىر تۇرگە سېلىپ پۇل تېپىش بولۇپ تۇرىدۇ، بىراق بۇنىڭ خەتىرى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتتىكى، نۇرغۇن كارخانىلار ئۆزىنىڭ قەرز ئېلىشتىكى ۋە قەرز پۇل بىلەن تەمىنلىنىشتىكى ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، قەرز پۇلنى باشقا تۇرلەرگە سېلىپ پايدا ئالىدۇ، بىر قارىسا بۇ توغرىدەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلىش تولا چاغلاردا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدۇ. بەزى تۇرلەرنىڭ ئاخىرى چىقمىغانلىقتىن، قەرز پۇلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ، بەزىدە ئايرىم كارخانىچىلار سالغان بۇ خىل مەبلەغنىڭ ئاخىرىنى زادىلا يىغىشتۇرالماي،

كەينى - كەينىلەپ، ئۈستى - ئۈستىلەپ مەبلەغ سېلىپ، ئۆزىدە ئەسلىدىن بار دەسمايىنىمۇ، قەرز پۇلنىمۇ خورىتىۋېتىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئاشۇنداق تۈرلەر بىلىدىغان تۈرمۇ؟ بەزىلەرگە نىسبەتەن بىلىدىغان تۈر بولسىمۇ قىلسا بولمايدىغان تۈر، بەزىلەرگە نىسبەتەن ئانچە بىلمەيدىغان تۈر، ئەمما قىزىقىدىغان، پۇل تاپالايدىغان تۈر. ئومۇمەن، بۇ بىر تەرەپلىمىلىك خاھىشى بار تۈرلەر بولۇپ، قەرز پۇلنى ئالدىراپ سەرمايە قىلىپ قويغاندا، بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىق ئېغىرلىشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قەرز پۇلنى ئەسلىدىكى تۈرگە ئىشلەتمىگەندە، ئارىلىقتىكى ھالقىلار ئاۋۇپ كېتىدۇ، شۇڭا باشقا تۈرگە سالغاندا، ئەسلىدىكى تۈر ياكى كەسپكە ئىشلەپچىقىرىش نىشانىنى بۇراش، ئۆزگەرتىش كېرەك. يەنى كارخانىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش كېرەك.

**5. مۇقىم مۈلۈككە ئايلانغان مەھسۇلات قەرزىنى ھەل قىلماسلىق.** يەنى بۇ خىل مەھسۇلاتنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلماسلىق، ئەرزان بولسىمۇ سېتىۋەتمەسلىك، مەھسۇلاتنى ئومۇملاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن تارقاتقان ئەھۋال ئاستىدا تارقىتىلغان مەھسۇلاتنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ يېتىش قاتارلىقلار كارخانىغا نىسبەتەن قەرز پۇلنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈپ، زىيان كەلتۈرۈپ چىقىشقا سەۋەب بولىدۇ، شۇڭا كېيىنكى بازار ئەۋزەللىكى بولماسلىق ئېھتىماللىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇ خىل مەھسۇلاتلارنى تېزدىن سېتىش، بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئېنىقكى، بۇ خىل مەھسۇلاتلارنى شۇ رايوندا ئەرزان ساتقاندىمۇ بەلكىم تەننەرختىن زىيان كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن. قەرز قايتۇرۇش ئومۇمىيىتىنى نەزەرگە ئالغاندا، پايدا ئېلىش، زور پايدا ئېلىشنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، پايدىمۇ ئالمايدىغان، زىيانمۇ تارتمايدىغان تىجارەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قەرز پۇلنىڭ دىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە سەل قارىماسلىق كېرەك.

# قانداق كارخانىلار قەرز پۇلغا بوغۇلۇپ قالىدۇ؟

قەرزدارلىق كارخانىلارنىڭ بىر يۈكى، بەزىدە كارخانىنىڭ بارلىق يۈكى ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىر يۈك بولۇپ قالىدۇ. بۇ بىر جەھەتتىن ناھايىتى ياخشى بولمىغان ئىشتەك قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ كۆرۈنمە تەرىپى؛ يەنە بىر تەرىپى، قەرز پۇل كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ مەبلەغ ئاساسى بولۇپ، قەرز پۇل ئارقىلىق تەرەققىي قىلغان كارخانىلار بەكمۇ كۆپ. قەرز پۇلنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپى ئۇنىڭ كىشىلەرگە دەمال چىپىلىقىدىغان ئېغىرلىق تەرىپى بولماستىن، ئۇنىڭ كارخانا ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەت، ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان، مەبلەغ ئاساسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان تەرىپى. لېكىن قەرز پۇلنى ئىشلەتكەندە جانلىق، دەل، توغرا، يۈرۈشلۈك، ئەمەلىي بولۇش ناھايىتى مۇھىم ئىش. بۇلاردىن بىرەرسى كەم بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئۈنۈمدارلىقىغا نۇقسان يېتىدۇ. قەرز پۇلنى بەردى، ئالالىدىم دەپ قارىغۇلارچە كۆپ ئېلىشقا، چېچىۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇنداق بولغاندا قەرز پۇلنىڭ خېيىم - خەتىرى كۈچىيىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم، مۇلازىمەت، پايدا يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇھىم ھالقىلىرىغا زىيان يېتىپ، بىسىم پەيدا بولىدۇ. شۇ نەرسىنى تەكىتلەش زۆرۈركى، قەرز پۇل ئۆسۈم تۆلەيدىغان، ئۆسۈمى بىلەن دىرى تولۇق قايتۇرۇلىدىغان پۇل تۇرىگە تەۋە بولغانلىقتىن، نۇقۇل پايدا ئېلىشتىن تاشقىرى خېيىم - خەتىرنىمۇ ئۈستىگە ئالىدۇ ھەمدە پايدا يارىتىش

تىپىدىكى باشقۇرۇش، ئوبوروت قىلىش دېگەندەك بىر قاتار مۇھىم تەرەپلەرگىمۇ باغلىنىدۇ. كارخانا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە قەرز پۇلدىن پايدىلىنىپ ئىگىلىك تىكلىگەن، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەر قەرز پۇلنى ناھايىتى مۇھىم بىر خىل مەبلەغ يۇرۇشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى جانلاندۇرۇش، بازاردا پۇت تىرەپ تۇرۇش رولى بار سەرمايە دەپ قارايدۇ. لېكىن، بايا دېگەندەك قەرز پۇلنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش، جانلىق ئىشلىتىشنى بىلمىگەندە، قەرزدار زىيان ئۇستىگە زىيان تارتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بەزى كارخانىلار قەرزگە بوغۇلۇپ قالىدۇ. ئۇنداقتا قەرز پۇلنى ئىشلىتىشتىكى خاتالىقلار قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ؟

**1. قەرز پۇلنى مەخسۇس تۇرگە ئىشلەتمىگەن بولسا:**

بەزىلەر قەرز پۇلنى مەلۇم ئىش، مەلۇم تۇر ياكى مەلۇم تىجارەت مەھسۇلاتىنى سېتىۋېلىش ياكى سېتىش ئۇچۇن ئالىدۇ، ئەلۋەتتە بۇ ئالدىن پىلانلانغان مەبلەغ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتقان بولۇپ، پىلانلاش جەريانىدا قەرز پۇل ياكى قەرز پۇلغا يانداپ - قوشۇپ سالىدىغان سەرمايە مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، شۇ بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇ سەرمايە بىلەن قەرز پۇلنىڭ مىقدارىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئۆلچەم بولۇپ، بۇ ئۆلچەم پۇتكۇل مەشغۇلات، مۇلازىمەت، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا سىڭىدۇ، بىرىكىدۇ، ئىلگىرى سۇرىدۇ. مۇشۇ جەرياندا پىلانلانغان مەبلەغ، يەنى تەييار قىلىنغان سەرمايە ئەسلىدىكى پىلان، ئۆلچەم بويىچە سەرپ قىلىنسا، ئېنىقكى مەسىلە كېلىپ چىقمايدۇ، تۇر ياكى تىجارەت توختاپ قالمايدۇ. ئەمما بەزىدە مۇشۇ خىل تەرتىپكە بىرلىشىپ كېلىدىغان باشقا تۇردىكى مەبلەغ ئېھتىياجى سەۋەبىدىن قەرز پۇل پارچىلىنىپ كېتىدىغان ئىش مەۋجۇت، بۇ ھال تەجرىبىسىز ئىگىلىك باشقۇرغۇچى، كارخانىچىلاردا دائىم يۇز بېرىپ تۇرىدۇ.

ئۇلار بۇ تۈردىكى ئىش پۇستانى يەرگە بېرىپ بولغۇچە ئۇنىڭغا پىلانلانغان سەرمايىنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ، ئىشنى يۈرۈشتۈرۈۋالساقلا، ئاندىن سەرمايىنى بۇنىڭغا تەڭشەپ ئىشلەتسەك ئوخشاش بولىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇ سەۋەبتىن شۇ تۈرنىڭ بىر پۈتۈن، راۋان، تولۇق ئىجرا قىلىنىشى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ تۈرنىڭ سەرمايىسىنى ئۇ تۈرگە ئىشلەتكەندە، ئۇ تۈرنىڭ سەرمايىسى بۇ تۈرگە لازىم بولغاندا تەل بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ تۈرمۇ، ئۇ تۈرمۇ يۈرۈشمەيدۇ. تەجرىبىلىك كىشىلەر بۇنداق ئىشتا ھەرگىز ئۆزىنى قويۇۋەتمەيدۇ، ئۇلار قىلىۋاتقان تۈرگە مۇناسىۋەتلىك مەبلەغنى كېيىن ھەل قىلىمەن دەپ يۈرمەيدۇ، بەلكى شۇ تۈرنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىگە پايدا يەتكۈزىدىغان ئۇ تۈردىن ۋاز كېچىدۇ ياكى ئۇ تۈرگە ئايرىم سەرمايە ھازىرلاپ ئىشقا سالىدۇ.

**2. قەرز پۇلنى تەرتىپلىك باشقۇرمىغان بولسا:** قەرز پۇلنى تەرتىپلىك باشقۇرۇش ھېسابات ئىشلىرىدا ناھايىتى مۇھىم بىر تۈرلۈك ئىش تەرتىپى. چۈنكى ئۇنىڭدا ئۆزى بىلەن ماڭىدىغان زىيان نىسبىتى بار، ئەگەر قەرز پۇلنى ئىشلەتكۈچى ئاشۇ زىياننى قامداش بىلەن بىرگە ئۇنىڭدىن مۇناسىپ پايدا ئالمىسا، ھېچبولمىسا، پايدا ئالمىسىمۇ ئۇنىڭدىكى ئۆسۈم قەرزىنى تولۇقلاشقا قادىر بولالمىسا، ئۇ ھالدا قەرز پۇلنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. بەزى قەرزدارلار قەرز پۇلنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغىمۇ، بۇنىڭغىمۇ ئىشلىتىدۇ. مەخسۇس ھېسابات تۈرى تۇرغۇزمايدۇ، قايسى ئىش بولسۇن، شۇنىڭغا چىقىم قىلىدۇ، شۇنى ئىش يۈرۈشتۈرۈشنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. بۇ قەرز پۇلنى قايسى تۈرگە مەخسۇس ئىشلىتىشنى يوققا چىقىرىپ، چېچىلىپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ قەرز پۇل ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىپ، بىنورماللىقنى پەيدا قىلىپ، قەرز پۇلنىڭ

مەركەزلىشىشىنى بۇزىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا قەرز ئىگىلىرىنىڭ نازارەت قىلىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ تەرتىپلىك باشقۇرۇش ھەققىدىكى پىكىر، مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلمايدۇ ياكى ئۇلارنىڭ كۆزىنى بوياپ، تەكشۈرۈش، نازارىتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.

**3. قەرز پۇل سالمىقىنى ئاشۇرۇۋەتكەن بولسا:** ئىگىلىك تىكلەش، كارخانا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا قەرز پۇلنى زىيادە كۆپ ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك، قەرز پۇل مىقدارى قانچىكى ئاشسا، كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي بېسىمىمۇ شۇنچىلىك ئېغىرلىشىدۇ. تەرەققىياتى ياخشى، مەھسۇلات ئۈستۈنلۈكى يۇقىرى، ئىستېمال ئوبوروتى تېز كارخانىلارغا قارىتا قەرز پۇلنىڭ كۆپ بولۇشى زور پايدا ئېلىپ كېلىدۇكى، ھەرگىز بېسىم پەيدا قىلمايدۇ، ئەمما بۇنداق ئۈستۈنلۈكى يوق كارخانىلار قەرز پۇل ئىشلەتكەندىن ئىشلەتمىگىنى ياخشى بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بەزىلەر بۇنىڭغا سەل قارايدۇ ھەمدە زور مىقداردا قەرز پۇلنى دەسمايە مۈلكى قىلىپ ئىشلىتىپ، ئۈنۈم يارىتالمايدۇ. بۇ كۆپ ئېلىۋېلىپ سىڭدۈرەلمەسلىك، بىر تەرەپ قىلىپ بولالماي پېتىپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**4. كۆپ تەرەپلىمە قەرز ئالغان بولسا:** ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت جەريانىدا كۆپ تەرەپلىمە قەرز پۇل ئېلىش دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، بۇنداق قەرز ئالغانلاردىن كۆپ قىسمى مەغلۇپ بولىدۇ، ئاز بىر قىسمىلا تەدبىركارلىق ۋە ئۆزىدىكى قەرز پۇلنى تەرتىپلىك، مۇناسىپ ئىشلىتىشتەك تەجرىبىسىگە ئاساسەن غەلىبە قىلىدۇ. بۇ ئومۇملۇق ئەمەس، قىسمەنلىك، كۆپ تەرەپلىمە قەرز ئېلىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇ مۇرەككەپلىكنى، كەسكىنلىكنى پەيدا قىلىدۇ ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، مۇلازىمەت قاتارلىق تۈرلەرنىڭ ھەر قايسى ھالقىلىرىدا ئوخشاش بولمىغان سۆرەلمىلىك،

بېقىندىچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، نورمال تەرتىپلىك قەرز پۇل مۇئامىلىسىنى يوققا چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ، بۇنىڭدىنمۇ قەرز ئېلىش، ۋاقتىدا قايتۇرالماسلىق كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نابۇت قىلىدۇ، بۇنداق قەرز پۇلنىڭ ئاۋارىچىلىكى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، بۇ جەريان زىددىيەتلىك بولىدۇ، بۇ زىددىيەتلەر قانۇنىي ئىگىسىنىڭ، مەھسۇلاتنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، سودىنى كاسات بولۇشقا باشلاپ بارىدۇ.

**5. قەرز پۇل مەھسۇلاتلىرىنى چېچىۋەتكەن بولسا:** قەرز پۇل مەھسۇلاتلىرى دېگىنىمىز، قەرز پۇلدىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقارغان ماددىي مەھسۇلات ياكى ئەقلىي مەھسۇلاتنى كۆرسىتىدۇ. قەرز پۇل ئەمەلىيلەشكەن ئىكەن، ئۇنى ئىشلىتىشكە ھەمدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. تەجرىبىلىك كارخانىچىلار قوبۇل قىلغان قەرز پۇلغا مەخسۇس مەھسۇلات تۈرى تەسىس قىلىپ، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى يولغا قويۇپ، سېتىشتىن كىرگەن كىرىمنى يەنە شۇ تۈرگە سېلىپ، قەرز قايتۇرۇش مەبلىغى توپلاشقا قارىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق قەرز پۇلنى تىزگىنلەيدۇ ھەمدە قەرز پۇلنىڭ خېيىم - خەتىرىنى ئازايتىپ، بىخەتەرلىكنى، پايدا يارىتىشتىكى خاسلىقنى نامايان قىلىپ، ئۇتۇق قازىنىدۇ. بۇ ئەڭ ياخشى ئۇسۇل. بەزىلەر قەرز پۇلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنى تېز بىر تەرەپ قىلىپ، قەرز دىرى ۋە ئۆسۈمنى قايتۇرۇشقا زورۇقۇپ، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنى زورۇقۇپ ساتىدۇ، تارقىتىدۇ، چېچىۋېتىدۇ. بۇنداق مەھسۇلاتنى يىغىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ناھايىتى قىيىن، بۇ قەرز پۇلنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. قەرز پۇلغا مەھسۇلات ئىشلەش، سېتىش، بىر تەرەپ قىلىشتا زورۇقۇشتىن ساقلانغان كارخانىلا ئۇتۇق قازىنىدۇ.

**6. باشقۇرۇش، مەھسۇلات، مۇلازىمەت، سۈپەت، تېخنىكا ناچار بولسا:** بەزى كارخانىلاردىكى قەرز پۇلنى باشقۇرۇش، مەھسۇلاتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ياخشى بولماسلىق، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرماسلىق، كوزۇر مەھسۇلات بولماسلىق، سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرمەسلىك، تېخنىكا ساپاسى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق ئامىللار قەرز پۇلنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئارتۇقچىلىقىنى نابۇت قىلىدۇ. بۇ بىر قاتار ھالقىلارنى كارخانىلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ سەرخىللاشتۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلمىسا، مەلۇم ئۆلچەم، مەلۇم كۆلەم بىلەن مەلۇم دەرىجىدىكى تەسىرىنى يارىتىش زۆرۈر بولىدۇ. بۇنىڭدىكى باشقۇرۇش بىلەن سۈپەت ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، قالغانلىرى بولسا يېتەكلەش رولىغا ۋە جەلپ قىلىش ئىقتىدارىغا تەۋە تەرەپلەر بولۇپ، ھەممىسى ئورتاق بىرلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك.

قىسقىسى، مۇشۇ بىر قاتار تەرەپلەر ئايرىم كارخانىلارنىڭ قەرزدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ۋەيران بولۇشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا ئېلىپ كىرىدۇ.

# كارخانا قەرز پۇلنى مەخسۇس تۇر قىلىپ تۇتۇشى كېرەك

بىز يۇقىرىدا قانداق كارخانىلار قەرز پۇلنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ، قانداق كارخانىلار قەرزگە بوغۇلۇپ قالىدۇ؟ دېگەن مەزمۇنلاردا قەرز پۇل ۋە ئۇنىڭ كارخانىلاردىكى ئورنى، رولى ۋە قەرز پۇلنىڭ كارخانا ئىگىلىكىدىكى تەسىرى، ئۇنى ئىشلىتىش، بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى خىرىسلار ئۈستىدە توختالدۇق. بۇ بىزنىڭ ساۋاق ئېلىشىمىزغا يېتەرلىك بولسىمۇ قەرز پۇلنى ئىشلىتىشتە يەنە دىققەت قىلىش زۆرۈر بولغان بىرنەچچە مۇھىم نۇقتا بار، بۇ نۇقتىلارنى ئۆرنەك قىلغاندا، قەرز پۇل خېيىم - خەتىرىنى ئازايتىپ، ئارتۇقچىلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بىز قەرز پۇلنى كارخانا ئىگىلىكىدە تۇر قىلىپ تۇتۇش زۆرۈرىيىتى ئۈستىدە توختىلىمىز:

**1**. قەرز پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرۇش كېرەك. قەرز ئېلىنغان ئىكەن ئۇنى قايتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ مەيلى بانكىنىڭ پۇلى بولسۇن، مەيلى باشقا شەخس، كوللېكتىپنىڭ قەرز پۇلى بولسۇن، ئۇنىڭ قايتۇرۇش مۇددىتى، مۆھلىتى بولىدۇ، مانا مۇشۇ مۆھلەت قەرزنىڭ خاسلىقىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەقدار بىلەن قەرزدار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ ھەم ھەقدارغا، ھەم قەرزدارغا نەپ يەتكۈزۈش باسقۇچىغا كىرىدۇ. مانا مۇشۇ باسقۇچ ياخشى ئادا بولمىسا، ھەر ئىككى تەرەپكە زىيان

سالماي قالمايدۇ. ھەقدار تېگىشلىك پايدىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ، قەرزدار زىممىسىدىكى قەرز يۈكىدىن قۇتۇلۇپ، بۇ تۈردىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالمايدۇ - دە، تەكرار زىيان پەيدا قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا قەرزدار قەرز پۇلنى چوقۇم قەرەلى توشقاندا قايتۇرۇشى كېرەك، ھەر قانداق قىيىنچىلىق بولسىمۇ، قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرۇش ھەمدە ئادەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

**2. قەرز پۇل مۇئامىلىسىدە ئىناۋەت تىكلەش كېرەك.** بۇنداق ئىناۋەت قەرز پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرۇش، قائىدە بويىچە ئىش قىلىش، قەرز پۇلنى تولۇق قايتۇرۇشتەك بىر قاتار تەرەپلەرگە باغلىق بولىدۇ. بۇنداق ئىناۋەت بىرى بانكا خادىملىرى ۋە شەخسلەر تەرىپىدىن، يەنە بىرى بانكىنىڭ كومپيۇتېر سىستېمىسى تەرىپىدىن ئىسپاتلىنىدۇ، بېكىتىلىدۇ. بۇنداق ئىناۋەت قەرز پۇل ئىناۋىتى دەپ ئاتىلىپ، كارخانىلار ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى ئىشەنچىسى، قائىدە - تەرتىپكە بويسۇنۇش ئەھۋالى ۋە باشقا ئۇچۇرلىرى ئارقىلىق توپلىنىپ، دەرىجە تۈرگۈزۈلىدۇ، بۇ دەرىجە شۇ شەخس ياكى كارخانىنىڭ قەرز پۇل ئېلىشتىكى ئىشەنچلىك بولۇش دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ، قانچىلىك، قانداق ئۇسۇلدا قەرز پۇل ئېلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مۇبادا ياخشى ئىناۋەت دەرىجىسى بولمىسا، ئېنىقكى شۇ شەخس ۋە كارخانا قەرز پۇلدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. قەرز پۇل ئىشلىرىدا بانكا ئىناۋەت دەرىجىسىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش، «قارا تىزىملىك» كە كىرىپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش، شەخسلەر ئارا قەرز پۇل مۇئامىلىسىدە ئىشەنچلىك بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

**3. قەرز پۇلنى باشقا تۈرلەرگە چېچىۋەتمەسلىك كېرەك.** قەرز پۇلنىڭ چېچىلىپ كېتىشى ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى يوققا چىقىرىدۇ. قەرز

پۇلنى چېچىۋېتىشنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ. بۇ يوللارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق چەكلەش كېرەك. يەنى قەرز پۇلنى قەرزگە بېرىش، قەرز پۇلنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان مۇقىم مۈلۈككە ئىشلىتىش، تەڭقىسلىق ئىچىدە قەرز پۇلنى ئىسراپ قىلىشتەك ئىشلارنى تۈگىتىش، چەكلەش كېرەك. بۇنىڭدىكى ئەڭ قاملاشمىغان ئىش ـ قەرز پۇلنى يەنە قەرز بېرىش بولۇپ، بۇ ئىش قەرز پۇلنىڭ قىممىتىنى يوقىتا چىقىرىپ، نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، قەرز پۇلنىڭ ئۈنۈم تېپىدىكى باشقۇرۇلۇش، تەرەققىي قىلىشنى چەكلەيدۇ. شۇڭا، قەرز پۇلنى قەرز بېرىشكە، ئۇ، بۇ ئىشلار ئۈچۈن چېچىۋېتىشكە بولمايدۇ.

**4. قەرز پۇلنى تەكرار ئىشلىتىش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك.** بۇ دېگەنلىك قەرز پۇلنى ئىشلىتىش لازىم بولغاندا ئىشلىتىش، لازىم بولمىغاندا قايتۇرۇش، پات ـ پات ئېلىش، ۋاقتىدا قايتۇرۇش دېگەنلىك بولىدۇ. قەرز پۇلنى تەكرار ئىشلىتىش، ئوبوروتنى تېزلىتىش ناھايىتى مۇھىم ئىش، شۇڭا بۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش، بۇ خىل ئىشلىتىشنىڭ يوللىرىنى كەڭ ئېچىش كېرەك.

**5. تەرەپلەرنىڭ قەرز پۇل چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.** تەرەپلەر دېگىنىمىز قەرز پۇلغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر، بولۇپمۇ پۇلنى قەرز ئېلىپ ئىشلىتىشنى ئادەت قىلىۋالغان تەرەپلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلاردا بىردەك چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ، قەرز پۇلنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرى ۋە قەرز پۇلنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىدىن خەۋەردار قىلىش كېرەك. بۇ قەرز تەلەپ قىلغۇچىلارغا ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**6. قەرز پۇل قائىدە ـ تەرتىپلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش**

كېرەك. قەرز پۇل قائىدە ـ تەرتىپلىرى ئۇنى خېيىم ـ خەتەردىن ساقلاشتىكى مۇھىم ۋاستە ۋە ئۆلچەم، ئۇ سانسىزلىغان تەرەپلەرنىڭ يەكۈنلىشى ۋە ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىشى ئارقىلىق ئىسپاتلانغان، شۇڭا ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش، بويسۇنۇش قەرز پۇلدىن نەپ ئېلىش ۋە ئۇنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق.

# قەرزدارلىق ئۆلمەيدۇ

قەرزدارلىقتا نۇرغۇن ئادەملەر مۇنداق قارايدۇ: بىرى، قەرزدار ئۆلسە، قەرز تۈگەيدۇ؛ يەنە بىرى، قەرزدار تۈرمىگە كىرىپ كەتسە، قەرزى تۈگەيدۇ. بۇ نادان ئادەملەرنىڭ قارىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلمىي ئاساسى، پۇت تىرەپ تۇرىدىغان دەلىلى يوق. قانۇننى بىلىدىغان ۋە ھەقىقەتنى ياقلايدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بۇنى بىردەك ئېتىراپ قىلمايدۇ، چۈنكى ئادەم ئۆلسە ھەقدارلىق مەلۇم دائىرىدە، مەلۇم مەزگىل ئىچىدە ئۆلمەيدۇ، يەنى تۈگەپ كەتمەيدۇ؛ تۈرمىگە كىرىپ كەتسىمۇ ئۇنىڭدىكى جىنايى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت تېگىشلىك جازا مەجبۇرىيىتى ئادا قىلىنىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇنىڭدىكى باشقا مەجبۇرىيەتلەرمۇ ئادا قىلىنىشتىن توختاپ قالمايدۇ، قەرزدارلىق مەجبۇرىيىتىنىمۇ ئادا قىلىشى كېرەك. پەقەت بۇ يەردىكى گەپ ئۇنىڭ ۋاقىت جەھەتتىكى پەرقى بولۇپ، ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، ئىلگىرى - كېيىنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ قەرزدارلىق مەجبۇرىيىتىنىڭ تۈگىگەنلىكى، ئەمەلدىن قالغانلىقى ياكى كەچۈرۈم بولۇپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

بىر قېتىم مەلۇم بانكىنىڭ ئۈچ كادىرى يىل ئاخىرىدا ئامانەت توپلاش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ مۇكاپات ئېلىشنى كۆزلەپ، ئىلگىرى كۆپ قېتىم ئۆزى بىلەن پۇل ئېلىم - بېرىمى قىلغان، پۇلى كۆپ بىر مۇئامىلىدارنىڭ يېنىغا بېرىپ، 50 مىڭ

يۈەننى بىر ھەپتىلىك ئامانەت قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن. پۇلدار كىشى بىرقانچە يىل داۋامىدا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بىرنەچچە يۈز مىڭ يۈەن قەرز بېجىرىپ بەرگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، 50 مىڭ يۈەننى بەرگەن. پۇلنى ئالغان خادىم «يىل ئاخىرىدا پۇل چېكى قالمىغانىدى» دەپ، 50 مىڭ يۈەن نەق پۇل ئالغانلىق ھەققىدە ئاق ھۆججەت يېزىپ، خۇسۇسىي تامغىسىنى باسقان. پۇل بەرگەن كىشى «پۇل تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ئاق ھۆججىتىگە ئىمزا قويۇپ، تامغاڭلارنى بېسىپ بېرىڭلار» دېگەن. ئۇلار ئىمزالىرىنى قويۇپ، تامغىلىرىنى بېسىپ بەرگەن.

ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندە، پۇلنى ئالغان بانكا خادىمى قازا قىلىپ كەتكەن، 50 مىڭ يۈەننىڭ بېشىدا ئوت كۆيگەن. پۇلغا ئىگە چىقماي بىر - بىرىگە ئىتتىرىش باشلانغان، بانكا بىزنىڭ ھېسابقا كىرىم بولمىغان دېسە، ھېلىقى ئىككى كىشى پۇلنى قەرزدار ئىشلەتكەن، بىز ئىگە ئەمەس دېگەن. ئاخىرىدا دەۋا شەكىللىنىپ، سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىرىپ، 50 مىڭ يۈەننى ئۈچ ئادەمنىڭ زىممىسىگە يۈكلەپ، تۆلەپ بېرىشكە بۇيرۇغان.

نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ چىقىرىلغان ھۆكۈمدە ئەسكەرتىلىشىچە، ئۇ ئۈچ ئادەم ھەم قەرز ئالغۇچىلار، ھەم بىر - بىرىگە كېپىل بولغۇچىلار بولۇپ، قانۇندا كېپىللىك قىلغۇچى قەرزنى قەرزدار قايتۇرالمىسا ياكى باشقا سەۋەب بىلەن قەرز پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىسا، كېپىل بولغۇچى تۆلەپ قايتۇرىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. بايىقى قەرزدارلىقتا بىرقانچە تەرەپ ئېنىق بولمىغان: قەرزنى ئالغان ئادەم كونكرېت بولمىغان، قەرز پۇلنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقى ئېنىق يېزىلمىغان، پۇلنى ئالغان، كېپىل بولغان ئادەملەرنىڭ شۇ پۇلدىكى كونكرېت مەجبۇرىيىتى

ئايرىلمىغان، ئۇلار پەقەت شۇ پۇلنى ئالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. چەك - چېگراسى ئېنىق بولمىغان بۇ پۇلنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايرىشتا مانا مۇشۇ پاكىتقا تايىنىلغان. بۇ ئۇلارنىڭ تەڭ قەرزدارلىقىنى دەلىل - ئىسپات بىلەن تەمىنلىگەن.

دېمەك، قەرزدارلىق ئادا بولمىغۇچە ھەقدارلىق كۈچىدىن قالمايدۇ. شۇڭا مۇكەممەل، جانلىق، كونكرېت يېزىلغان قەرز ھۆججىتى ئۆزىدىكى نۇقسانسىز ئىسپات بىلەن قەرزدار ئۈلسىمۇ قىممىتىنى يوقاتمايدۇ.

بىر تونۇشىمىز بولۇپ، ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى باشقىلارنى زىيانلاندۇرۇپ تۈرمىگە كىرىپ قالدى. كېيىن ئۇنىڭغا سوت ئېچىلدى. سوتتا ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىپ، زىيانلانغۇچىنىڭ 30 نەچچە مىڭ يۈەن زىيىنىنى قايتۇرسا، جازا مۇددىتىنىڭ كېچىكىپ ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بىراق جاۋابكار تەرەپ بۇنىڭغا يېتەرلىك ئىمكاس قايتۇرمىغاچقا ئۈچ يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدى. ئەسلىدە، ھېلىقى تونۇشىمىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھېسابات قىلىپ، جاۋابكار ئۈچ يىل ئىشلىسىمۇ 30 نەچچە مىڭ يۈەننى تاپالمايدىغانلىقىنى، «ئۇنىڭدىن كۆرە تۈرمىدە ئۈچ يىل يېتىپ چىقسا، قەرزنىڭ تۈگەيدىغانلىقىنى» پەرەز قىلىشىپ، ئۇنىڭ تۈرمىدە جازا ئۆتۈشىنى مۇۋاپىق كۆرگەنىكەن. لېكىن، ئىش ئۇنداق بولمىدى، ئۇ ئۈچ يىل تۈرمىدە يېتىپ ئۆزگىرىپ چىققاندىن كېيىن، ھەقدار سوت مەھكىمىسىگە قايتا ئەرز قىلىپ، ئىجرانى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ زىممىسىدىكى قەرزدارلىقنى ئىجرا قىلدۇردى. ئۇلار ئاخىرى قەرزدارلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ئىشنىڭ يوقلۇقىنى، قانۇن بويىچە قەرزنى داۋاملىق تۆلەش كېرەكلىكىنى بىلدى.

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەرزدارلىق ئادەمگە يۈكلەنگەن سوزۇلما خاراكتېرلىق ئىقتىسادىي كېسەللىك بولۇپ، ئۇنى قايتۇرۇپ تۈگەتمىگۈچە قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. كىم بولسۇن، ئۇنى تۈگىتىشى، ئادا قىلىشى، مۇناسىپ تەرتىپ ـ قائىدىلەرنى ئىجرا قىلىشى، شۇنداقلا قەرزدارلىقتىكى مۇھىم نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىشى، زۆرۈرىيەتلەرنى ئەتراپلىق ئادا قىلىشى كېرەك.

# قانداق ئادەم قەرز بېرىدۇ؟

قانداق ئادەمنىڭ قەرز بېرىشنىگە بىرنەرسە دېمەك قىيىن. بەزىلەر ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، دوستانە، كۆيۈمچان ئادەملەر قەرز بېرىدۇ دېسە، بەزىلەر مەرد، نوچى، پەزىلەتلىك، كۆزى توق، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى بىلىدىغان.ئادەم قەرز بېرىدۇ دەيدۇ. يەنە بەزىلەرچۇ؟ ئەخمەقلەر، نادانلار، داغۋازلار قەرز بېرىدۇ دېسە، يەنە بەزىلەر ئاچ كۆزلەر، پۇل تېپىشقا ھېرىسمەنلەر، ھاجەتمەنلەر، قەرز بېرىشنى ئادەت قىلىۋالغانلار قەرز بېرىدۇ دەيدۇ. بەلكىم مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى قەرز بېرىدىغاندۇ ۋە ياكى بۇلاردىن بىر قىسىملىرى قەرز بېرىدىغاندۇ. مېنىڭچە، ھەرقانداق بىر قەرز بەرگۈچى ئېھتىياج سەۋەبلىك قەرز بېرىش بىلەن ئادەت خاراكتېرلىك قەرز بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل قەرز بېرىش خاسلىقىغا ئىگە بولىدۇ.

بىر تونۇشۇم يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پىششىق دورا - دەرمەك سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۇرمۇشىنى خېلى ئوبدان قامداپ كېلىۋاتاتتى. مەلۇم دورا - دەرمەك سودىگىرى ئۇنى قوللاش يۈزىسىدىن دورا - دەرمەك توپ تارقىتىش نۇقتىسى قۇرۇپ بەرمەكچى بولدى. بۇ ئىش ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ لازىم بولاتتى. تونۇشۇمنىڭ قولىدا 18 مىڭ يۈەن بار بولۇپ، يەنە 12 مىڭ يۈەن كەم ئىدى. ئۇنى نەدىن ھەل قىلىش كېرەك؟ ئۇ بانكىدىن قەرز ئېلىشقا كۆزى يەتمەي، بىر نەۋرە تۇغقىنىدىن قەرز ئېلىش قارارىغا كەلدى. تەلىيىگە

تۇغقىنى بىرقانچە كۈندىن كېيىن پۇلنى بېرىپ تۇرىدىغانغا ۋەدە قىلدى. ۋەدىگە ئاساسەن پۇتۇشكەن كۈن كەلگەندە ئۇنى ئىزدەپ بارسا، ئۇ باشقا يەردە بولۇپ قالدى، شۇ چاغدا ھېلىقى كىشى: سەن خاتىرجەم بول، پۇلنى چوقۇم بېرىمەن، سەن توختام تۈزۈپ زاكالەت پۇلىنى بېرىپ تۇرساڭ، مەن بېرىپلا پۇلنى ئېلىپ بېرىۋەتسەم ئىشىڭ پۈتىدۇ، دېدى. تونۇشۇم ئۇنىڭدىن تەكرار سوراش، تەكرار ۋەدە ئېلىش ئارقىلىق ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، توختامغا قول قويۇپ، ئالدىن تۆلەيدىغان 15 مىڭ يۈەن زاكالەت پۇلىنى بەردى. ۋاقىت توشقاندا، ۋەدىگە ئاساسەن ھېلىقى كىشىنىڭ يېنىغا بارسا، ئۇ ئۆي ئالىدىغان بولۇپ قالدىم، ئەمدى ساڭا پۇل بېرەلمەيمەن دېگەچكە، تونۇشۇم تەرەپ ـ تەرەپكە يۈگۈرۈپ پۇل ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالمىدى، شۇ چاغدا دورا ـ دەرمەك سودىگىرى ئۇنىڭغا لازىملىق 30 مىڭ يۈەنلىك دورا ـ دەرمەكنى ئەكەلدۈرۈپ بولغانىدى. قالغان پۇلنى بېرىپ دورىنى ئالمىسا، توختام بويىچە ئۇنىڭ زاكالەت پۇلى قايتۇرۇلمايتتى. ئىش شۇنداق ئىدى. ئەمدىلا ئاز ـ تولا پۇل تېپىپ ئىگىلىك تىكلەشكە قەدەم قويغان تونۇشۇم زىيان تارتىپ ۋەيرانچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالدى.

بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە قەرز بېرىش مەجبۇرىيىتى يوق، لېكىن بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە قەرز بېرىشنى ۋەدە قىلىشى ماھىيەتتە قەرزدارلىقنى زىممىسىگە ئالغانلىق بولىدۇ، ۋىجدان بىلەن گەپ قىلغاندا بۇنداق قەرزدارلىق مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن تۈگىمەيدۇ. ۋەدە، لەۋزە قىلغانىكەن، ئۇنى دېگىنى بويىچە قىلىشى كېرەك.

كىشىلىك تۇرمۇشتا قەرزدارلىق يالغۇز پۇل، مال ـ مۈلۈك قەرزدارلىقىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە مەنىۋى قەرزدارلىقمۇ بولىدۇ. مەنىۋى قەرزدارلىقمۇ ناھايىتى كۆپ تەرەپلىمىلىك، كۆپ

خىل بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئادىمىگەرچىلىك قەرزدارلىقى، يەنى بىر ئادەمگە ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى قىلىش، ياخشىلىق قىلىش، قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا خالىس ياردەم قىلىپ قۇتقۇلدۇرۇپ قويۇش، ۋەدە قىلىپ ۋەدىسىنى ئادا قىلىش، لەۋزە قىلىپ لەۋزىنى يەردە قويماسلىق دېگەندەك...

بۇ بىر قاتار قەرزدارلىقنىڭ بەزىسىنىڭ سۈرۈشتىسى بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ مەڭگۈ سۈرۈشتىسى بولمايدۇ. لېكىن، ئۇ قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر بىر ئادەمنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن بولىدۇ. ۋەدىنى ئالىدىغان بولساق، قارىماققا شۇنداقلا ئىشتەك تۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئاشۇ ۋەدىنىڭ ئۆزى مەنىۋى جەھەتتىن شۇ ئادەمنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن قەرز بولۇپ قالىدۇ. بىر ئادەم ئۆچۈن زىممىسىگە يۈكلەنگەن قەرزدارلىق قانداق قەرزدارلىق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئادا قىلىش، يەردە قويماسلىق ئەقەللىي قائىدە، ئۇنداق قىلماسلىق ئۆزىنى خۇنۈكلەشتۈرۈش بىلەن باراۋەر. شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، ئەخلاق - پەزىلەت بىر ئادەمنىڭ سۈپىتى، ئوبرازىنى نۇرلاندۇرىدۇ، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش — قەرزنى قايتۇرۇش شۇ ئادەمنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ. مەيلى كىم بولسۇن، بۇ قائىدىگە ھۆرمەت قىلمايدىكەن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە تۇرلۇك ئېلىم - بېرىم، ئالاقىدە ئويلىغاندەك ئارزۇ - ئارمانىغا يېتەلمەيدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ئايرىم كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى چاكىنا ئىدىيە ئېقىمى ۋە قارىغۇلارچە پۇل قارىشى ھەربىر ئادەمدە ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق ۋەدىسىدە تۇرماسلىق، لەۋزىنى يەردە قويۇش، ۋاپاسىزلىق قىلىش، قەرزدارلىقنى ئىختىيارىي ئادا قىلماسلىق ئىللەتلىرىنى پەيدا قىلدى. بۇ بىرىنى نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلدى.

قەرزدارلىق مەجبۇرىيىتىنىڭ ئادا بولۇشى ئادەمنىڭ تەپەككۇر دۇنياسىدىكى ساغلاملىق بىلەن ھەرىكىتىدىكى جىپسىلىشىشتىن كېلىدۇ. قەرز بېرىشمۇ مەلۇم ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ ئامىللارنىڭ بىرىكىشى، باغلىنىشى ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئۆلچىمى، قېلىپى، شۇنداقلا ھۆكۈم قىلىپ ئىجرا قىلغىلى بولىدىغان تۇتقۇسى يوق. شۇنداق ئىكەن، قەرز بەرمەيدىغان، قەرز ئالمايدىغان ئادەممۇ يوق دېيەرلىك. قەرز بەرمەيدىغان، قەرز ئالمايدىغان ئادەم چوقۇم مەلۇم قاتماللىققا ياكى غەيرىي ئاڭ ئۇقۇمىغا مەھكۇم ئادەم، ئۇنداق ئادەملەر بەكمۇ ئاز ھەم ئۇنداق ئادەملەرنىڭ شۇ ئىش سەۋەبلىك شەكىللەنگەن خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمايدۇ. بىز بۇ يەردە قەرز بەرمەيدىغان ئادەم ۋە قەرز بېرىدىغان ئادەم توغرۇلۇق توختالساق، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى روشەن پەرق بولىدۇ. قەرز بەرمەيدىغان ئادەملەر ھامان بىر كۈنى قەرز بېرىپ قالىدۇ. قەرز ئالمايدىغان ئادەممۇ ھامان بىر كۈنى قەرز ئالىدۇ. زادى قانداق ئادەم ھەقىقىي قەرز بەرگۈچى بولالايدۇ؟ بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتساق، قەرز بېرىشنى بىلىدىغان، قەرز بېرىشكە ئادەتلەنگەن ئادەملا قەرز بېرىدۇ. بايىقى تونۇشۇمنىڭ ھېلىقى تۇغقىنى توغرۇلۇق ئۇنى تونۇيدىغان بىرى مۇنداق دېدى: ئۇ قەرز بەرمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئۇنچىلىك يۇمشاق ئەمەس، پۇلغا كەلگەندە بىر سىنىت پۇل ئۈستىدە تىك تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇنىڭ ئاكىسىدىن قەرز سورىغان بولساڭ، ئۇ ۋەدە قىلىپلا قالسا، قەرز پۇل بېرىپ تۇراتتى ياكى ئۆزىدە بولمىسا، باشقىلاردىن ئېلىپمۇ بولسا بېرەتتى...

ھېلىقى ۋەدىسىدە تۇرمىغان ئادەم مەلۇم پاراۋانلىق مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىش ھەققىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، كىشىلەر بىلەن بەك ئارىلىشىپ

كەتمەيدىغان ئادەم ئىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ خاراكتېر - پەزىلىتىدىن قەرز بېرىپ تۇرۇش ئېلېمېنتىنى تاپقىلى بولمايدىكەن. ئۇ يۇز كېلەلمەسلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۇل بېرىپ تۇرۇشنى لەۋزە قىلغان بولسىمۇ، ۋەدىگە ئەمەل قىلماي باشقىلارغا زىيان سالدى. ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرماسلىق سەۋەبىدىن باشقىلارغا نۇرغۇن زىيان بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر ئۇ ئادەمنىڭ خاراكتېرىدىكى كەملىكنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. يەنى قەرز بەرمەسلىكتەك بىر تەرەپلىمىلىككە كۆنۈپ قالغان ئادىتىنى يېشىپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئاكىسىنى تىلغا ئالىدىغان بولساق، ئۇ ناھايىتى پائالىيەتچان ئادەم بولۇپ، ئۆز خىزمىتىدىن باشقا تىجارەت بىلەنمۇ ئانچە - مۇنچە شۇغۇللىنىپ قويىدۇ، ئايلىق ئىش ھەققىگىلا قاراپ قالمايدۇ، باشقىلاردىنمۇ ئالىدۇ، باشقىلارغىمۇ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا قەرز بېرىشتىن قورقۇش، ئەنسىرەش، قەرز ئېلىشتىن قورقۇش، ئەنسىرەش ئالامەتلىرى گەۋدىلىك ئەمەس. ئۇ بۇ جەھەتتە ئىنىسىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. قەرز ئېلىم - بېرىمدا مانا مۇشۇنداق خۇسۇسىيەت ۋە ئالامەت ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بولۇپمۇ ئەل ئارا قەرز ئېلىم - بېرىمدا ئۇنىڭ ئىپادىسى تولىمۇ كونكرېت كۆرۈلىدۇ. مانا بۇ كىمنىڭ قەرز بېرىدىغانلىقىنى بىلىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى. قەرز بېرىشنى ئادەت قىلمىغان ئادەملەر ھامان قەرز بېرىشكە قېرىق كېلىدۇ. قەرز بېرىشنى ئادەت قىلغان ئادەملەر كەڭ قورساق بولۇش بىلەن بىرگە، دەل ۋاقتىدا ئەسقاتىدۇ. مەيلى ئۇنىڭدىن پايدا كەلسۇن، زىيان بولسۇن، قەرزدار چىن رازىلىقى بىلەن ھەممىنى قوبۇل قىلىدۇ. ھالبۇكى قەرز بېرىشكە ئادەتلەنمىگەن ئادەملەر ھامان باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئەسقاتمايدۇ، بەلكى زىيان سالىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرىدۇ، ئوبرازىنى

خۇنۇكلەشتۇرىدۇ. بۇنداق ئادەملەر يەنە نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قالىدۇ.

شۇنىمۇ تەكىتلەپ قويۇش زۆرۈركى، بىر ئادەم ئۇچۇن ئېرىشىش ۋە مەھرۇم قېلىش يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بىراق بىر قېتىملىق ئېرىشىش ھەرگىزمۇ مەڭگۈلۈك ئېرىشىش، بىر قېتىملىق مەھرۇم قېلىش مەڭگۈلۈك مەھرۇم قېلىش بولمايدۇ. بىراۋنىڭ ۋەدىسىدە تۇرماسلىقى ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىگە نىسبەتەن ھېچ ئىش ئەمەس. لېكىن باشقىلار ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا بىز ھەرقانداق ۋاقىتتا ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەي، مۇئامىلىمىزنى شۇنىڭغا ماس ھالدا ئۆزگەرتىپ، قارىشىمىزدىكى دوگما نەرسىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، مۇۋاپىق يوسۇندىكى ئېرىشىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ قەرز پۇل ئېلىم - بېرىمىمىزدە دائىم يولغا قويۇشىمىز زۆرۈر بولغان مۇھىم تەرەپ ھېسابلىنىدۇ.

# لەۋزىدە تۇرۇش ـ قەرزدارنى پاكلايدۇ

«قانداق ئادەم قەرز بېرىدۇ؟» دېگەن مەزمۇندا ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، لەۋزىدە تۇرۇش توغرۇلۇق توختالدۇق. بۇ يەردە بىز يەنە شۇ مەزمۇننى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا بېيىتىپ ئورتاقلىشىمىز.

ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، لەۋزىدە تۇرۇش ئادىمىيلىك پەزىلىتىنىڭ مۇهىم بەلگىسى ۋە نامايەندىسى بولۇپ، ئۇ ياراتقان قىممەت ئادەمنى مەردلىك مۇقامىغا يەتكۈزىدۇ، ئۆمۈر بويى ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ لەۋزىدە تۇرىدىغان ئادەم هېچ يەردە، هېچقاچان خارلىققا دۇچار بولمايدۇ. ئۇنداق ئادەمنىڭ قوللىغۇچىلىرى، تەرەپدارلىرى هەرقاچان، هەر جايدا هەمدەم بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى رولى تەڭداشسىز، چېتىلىش دائىرىسى، باغلىنىشى بەكمۇ كەڭ. قەرزدارلىق مۇناسىۋىتىدە ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، لەۋزىدە تۇرۇش ـ قەرزدارلىقنى پاكلاپ، ئادەمنى ئادەمدەك ياشاش، ئادەمدەك كىشىلىك مۇناسىۋەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

يېقىندا بىر دوستۇم بىر هاجەتمەن تىجارەتچىنى باشلاپ كەلدى، هاجەتمەننىڭ مەلۇم جايدا ئىجارىگە بېرىدىغان 21 دۇكىنى بار ئىكەن. ئۇ ئەسلىدە چەرچىن مال تىجارەتچىسى بولۇپ، بۇ تىجارەتتە كۆپ پۇل تاپقىلى بولمايدىكەن دەپ كەسپىنى ئۆزگەرتىپ، دۇكان ئىجارىگە ئېلىش، ئىجارىگە بېرىش بىلەن شۇغۇللانغان هەمدە خېلى كۆپ پۇل تاپقان. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ زىرە سېتىش تىجارىتىگە ئارىلىشىپ قالغان

ۋە بۇ كەسىپ ئارقىلىق پاكىستانلىق سودىگەرلەرگە نۇرغۇن زىرە سېتىپ بىرنەچچە يۈز مىڭ يۈەن پۇل تاپقان. ئالدىنقى يىلى بازارنى مونوپول قىلىدىغان ئادەم بولۇشۇم كېرەك دەپ، باشقا ئۈچ ئادەمگە پايدا بېرىشنى ۋەدە قىلىپ، ئۇلاردىن 3 مىليون يۈەن ئالغان. ئۇ بۇ پۇلغا يەنە زەربىدارلىق بىلەن زىرە سېتىۋالغان. لېكىن، شۇ يىلى كۈز پەسلىگە بارغاندا زىرىنىڭ باھاسى بىردىنلا چۈشۈپ كېتىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن زىيان بولغان. قەرز ئىگىلىرى پۇلنى سۈيلەپ كەلگەندە، ۋەدە بېرىپ يولغا سالغان. ئۇلاردىن بىرى قەرز بەرگەن پۇل ھېسابىغا ئۇنىڭ ئىلكىدىكى دۇكاندىن بىرنەچچىنى زاكالەت ھېسابىدا تۇتۇپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان، ئۇ ئىلاج قىلالماي، ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغان، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان قالغان ئىككى قەرز ئىگىسىمۇ شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىپ بېسىم قىلغان. شۇ چاغدا ئۇ قولىدا بىر قىسىم پۇل بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ پۇلىدىن بىر تىيىنىنىمۇ بەرمىگەن، بەلكى تەكرار قەرز ھۆججىتى ۋە ۋەدە خاراكتېرلىك ئىسپات ـ ئاساسلارنى يېزىپ بەرگەن.

ئەمەلىيەتتە 3 مىليون يۈەن كۆپ پۇل، ئەقلى بار ئادەم زىممىسىدىكى بۇنداق كۆپ قەرزگە سەزگۈر بولىدۇ. بولۇپمۇ بىرەر تىجارەتتە زىيان تارتقان ئادەم يەنە شۇ ئىشنى قىلىپ پۇل تاپىمەن دېگەندىن كۆرە، ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم دەڭسەپ، زىممىسىدىكى يۈكلەرنى بىر ئاز بولسىمۇ ئازايتىشنى ئويلايدۇ، زىيان تارتقان تىجارەت ئۇچۇن تىركىشىش بەزىدە ئۇنۇم بەرسە، بەزىدە ئۇنۇم بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ تىركىشىشىنىڭ ھېچقانداق ئۇنۇمى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ چېكىنىشى، ۋاز كېچىشى، زىياننى ئازايتىشى، بۇ ئىشتىن بالدۇرلا قول ئۈزۈپ، زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ، ئېغىرلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى زۆرۈر ئىدى. ئەمما ئۇ قولىدىكى پۇلنى چىقارغۇسى كەلمەي، باشقا

تىجارەتكە سالغان ھەمدە قولىدا قالغان قەرز پۇلنى تەرەپ - تەرەپكە مەبلەغ قىلىپ سېلىپ چېچىۋەتكەن، ئاخىرىدا ۋەيران بولغان. ھەقدارلار قولىدا قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك بېرىشنى ئېيتقاندا، ئوخشاشلا پالانى كۈنى بېرىمەن دەپ ۋەدە بېرىپ قويۇپ بەرمىگەن، ھەتتا ھەقدارلار ئۇنىڭ ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق، لەۋزىدە تۇرماسلىقتەك خاراكتېرىنى نەزەردە تۇتۇپ، تىلخەت ۋە قايتا - قايتا ھۆججەت يازدۇرغان. بىراق ئۇ پۇل بېرىمەن دېگەن بولسىمۇ پۇل بەرمىگەن، دۇكانلىرىمنى ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن دېگەن بولسىمۇ، ئۆتكۈزۈپ بەرمىگەن. دېمەك ئۇ كۆپ قېتىم ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان، لەۋزىدە تۇرمىغان. ھەقدارلار ئۇنىڭ قولىدىكى دۇكانلارنى مەجبۇرىي ئۆتكۈزۈۋالغان، ئۇ ھەممە دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئۇ دۇكانلىرىغا چىدىمىغانلىقتىن، سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، ھەممىسىنى قايتۇرۇۋېلىشنى، قەرز پۇلنى تېپىپ قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان، بىراق سوت ئۇنىڭ تەلىپىنى قوللىمىغان ھەمدە دەۋا ھەققى، ئادۋوكاتلىق ھەققى دېگەندەك ھەقلەرگە 20 نەچچە مىڭ يۈەن تۆلىگەن.

ئىستىقبالىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمىگەن سودىدا، قايتا - قايتا ھۆججەت يېزىش، تەكرار لەۋزە قىلىپ ئىشقا ئاشۇرماسلىق، تەكرار ۋەدە بېرىپ ۋەدىسىدە تۇرماسلىق قاتارلىق ئامىللار ئادەمنى ھامان ئىقتىسادىي جەھەتتىن پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئېنىقكى، لەۋزىدە تۇرسا، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلسا قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرغىلى بولىدۇ ياكى ھەقدارنى قايىل قىلىپ، كېيىنكى چىقىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ تاغدەك ئىززەت - ھۆرمىتى بولىدۇ؛ يەنە بىرى، ئىناۋەت - ئوبرازى تىكلىنىپ، باشقىلاردا ئىشەنچ تۇرغۇزۇلىدۇ. بۇ خۇددى بانكىلار خۇسۇسىي ئىناۋەت ئارخىپى تۇرغۇزۇپ، ئىناۋەت دەرىجىسىگە ئاساسەن قەرز ئالغۇچىغا قانداق

مۇئامىلە قىلسا بولىدىغانلىقىنى بېكىتكىنىگە ئوخشاش ئىش. قەرزدارنىڭ قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ، ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، لەۋزىدە تۇرۇشىمۇ قەرز پۇل مۇئامىلىسىدىكى شەخسلەرنىڭ ئىناۋىتى، ئىشەنچىسىنى كۆتۈرىدۇ. قەرزدار ئالغان قەرزنى دېيىشكەن، پۈتۈشكەن قەرەلىدە قايتۇرسا، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئىشەنچ ھاسىل قىلىدۇ. قەرزنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلالىغان ئادەمنىڭ باشقىلار ئالدىدىكى ئوبرازى يورۇق بولىدۇ.

# قانداق قەرز ئەڭ ياخشى قەرز بولىدۇ؟

بەزىلەر قەرز پۇلنىڭمۇ ياخشىسى بولامدۇ دېيىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، قەرز پۇلنىڭ ياخشىسى، ئەڭ ياخشىسى، ئەڭ ناچىرى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھېچبىرى ئاساسسىز ئەمەس. چۈنكى قەرز پۇل ئايرىم كىشىلەر دەپ يۈرگەندەك مىننىتى بار پۇل بولسىمۇ، ئىشلىتىلىش جەريانىدىكى ئېگىز ـ پەسلىكى، قىممىتى بىلەن قورقۇنچلۇق پۇل ياكى ئەڭ ياخشى پۇل ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. بۇنى ئىككى چوڭ جەھەتتىن ئايرىشقا بولىدۇ: بىرى، قەرز پۇل تۈرى؛ يەنە بىرى قەرز پۇلنىڭ ئىشلىتىلىش خاسلىقى بولۇپ، بۇ ئىككى نەرسە ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ياكى ئەڭ ناچارلىق دەرىجىسىنى ئايرىپ بېرىدۇ.

تۈرى جەھەتتىن ئالىدىغان بولساق، 1 ـ دەرىجىلىك ياخشى پۇل، يەنى ئەڭ ياخشى پۇل تۈر قەرز پۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ مىقدارى بىرقەدەر كۆپ، خاسلىقى كۈچلۈك، ئۆسۈمى تۆۋەن بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقى بىلەن قەرزدارغا كۆپ تەرەپلىمە پايدا يەتكۈزىدۇ، تۈر قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى ئۇزۇن بولىدۇ، ئىشلەتكەندە مەخسۇس قۇرۇلۇش ياكى ئەسلىھەلەرگە، تەرەققىيات ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى يۆلەش شەكلىدىكى پاراۋانلىق قەرز مەبلىغى بولغانلىقتىن، سەرپ قىلىنغان ئىش تۈرى بولغانلىقتىن، بارلىق ئىمكانىيەت بىلەن ئېتىبارغا ئېرىشتۈرۈش ئارقىلىق ئىش تەرتىپلىرى راۋانلاشتۇرۇلىدۇ، بۇ شۇ تۈرنى ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

بۇنداق قەرز تۈرىنىڭ چېچىلىپ كېتىش، خېيىم - خەتەرگە ئۇچراش ئەھۋالى كۆرۈلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىش ئالدىن پىلانلىنىدۇ ھەمدە شۇ پىلاننىڭ تەرتىپى، مەزمۇنى بىلەن بىرگە مەبلەغ ئۆلچەملىك ئاجرىتىپ بېرىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بۇ تۈردىكى قەرز پۇلنىڭ كەلتۈرىدىغان پايدىسى زور بولىدۇ. دېمەك، بۇنداق پۇل ئەڭ ياخشى قەرز پۇل تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ۋە يەرلىكنىڭ مۇشۇ تۈردىكى قەرز مەبلىغىگە ئېرىشىپ زور ئۇتۇقتا ئېرىشكەن كارخانا، شىركەت، شەخسلەرمۇ كۆپ.

ئىككىنچى .بىرى، ئۆسۈمى تۆۋەن ياكى ئۆسۈمى يوق قەرز پۇل ياخشى قەرز پۇل ھېسابلىنىدۇ. ئۆسۈمى تۆۋەن ياكى ئۆسۈمى كەچۈرۈم قىلىنىدىغان، ئۆسۈمىنى ھۆكۈمەت مالىيەسى تولۇقلاپ بېرىدىغان قەرز پۇل بولۇپ، ئۇنىڭ مۇددىتى بىرقەدەر قىسقا، مىقدارى بىرقەدەر ئاز، ئىشلىتىش تۈرى چەكلىك بولىدۇ. مەسىلەن، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى قەرز پۇلى، ئىشسىزلار ۋە ياشلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش قەرز پۇلى دېگەندەك. بۇ تۈردىكى قەرز پۇلنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يەرلىك مالىيەنىڭ بانكىغا ئۆسۈم تولۇقلاپ بېرىشى بىلەن تارقىتىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بانكىدا ئۆسۈمى يوق قەرز پۇل بار دەيدۇ، بۇ بىردەك خاتا قاراش ۋە ئۇقۇشماسلىق، چۈنكى بانكىدا ئۆسۈمى يوق قەرز پۇل مەۋجۇت ئەمەس، بانكا ئۆسۈمگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىنى ساقلايدۇ. ئۇ ئۆسۈمدىن ئايرىلسا ياكى ئۆسۈمنى خالىغانچە يۇقىرى - تۆۋەن قىلسا، قانۇني جەھەتتىن جاۋابكار، ئىقتىسادي جەھەتتىن ۋەيران بولىدۇ. شۇڭا بانكىنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى ئۆسۈم قوشۇش، ئۆسۈمنى چۈشۈرۈش ھوقۇقى بولمايدۇ، پەقەت مەركىزي بانكا بېكىتكەن نورمال ئۆسۈم نورمىسىنى بېجىرىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا بانكىلار

يەرلىك سىياسەت ۋە يەرلىك ئېھتىياجنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇسۇمنى يەرلىك تولۇقلاپ بېرىدىغان، دىرىنى ئىشلەتكۈچىلەر قايتۇرىدىغان، ئالاھىدە كەسىپ، تۈرگە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان قەرز پۇل تۈرىنى تەستىق ئارقىلىق يولغا قويۇش مۇلازىمىتىنى يۈرگۈزىدۇ. ئۇسۇمسىز دېيىلگەن قەرز پۇللارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇسۇمنى يەرلىك مالىيە ياكى سىياسەتنى يولغا قويغان ئورگان ئۈستىگە ئېلىش يولى بىلەن تولۇقلاپ تۆلەپ ئۇسۇمنى بېرىدۇ. يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان بۇ خىل قەرز پۇلمۇ ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى تارماقلارغا تەكرار بېرىلدى ھەمدە زور بىر تۈركۈم دېھقان،.يەككە تىجارەتچى، چارۋىچى، ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى نەپ ئالدى.

بۇنىڭدىن باشقا، شەخسلەر ئارا ئېلىم - بېرىم قىلىنىدىغان، دىرى قايتۇرۇلىدىغان قەرز پۇل بولۇپ، بۇنداق پۇلغا كۆپ ھاللاردا ئۇسۇم تەلەپ قىلىنمايدۇ، پەقەت مەلۇم مەزگىل ئىشلىتىپ تۇرۇشقا بېرىپ تۇرۇلىدۇ. قەرزدار بىر مەزگىل ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، ھەقداردا باشقا تەلەپ بولمىسا، ئەسلىدىكى پۇل ئومۇمىي سومىسى بويىچە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنداق پۇل خېيىم - خەتەرگە ئۇچرىمىسا، ھەقدار دەۋا - دەستۇر قىلمايدۇ - دە، ئۇسۇم ئېلىش، جەرىمانە تۆلەش مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇنداق پۇل بۇگۈنكى كۈندە بەك كۆپ سالماقنى ئىگىلىمەيدۇ، چۈنكى لەۋزىدە تۇرماسلىق، ئەھدىگە ۋاپا قىلماسلىق سەۋەبىدىن باشقىلاردىن ئېلىۋالغان پۇلنى بەرمەسلىك، كۆزىنى قىزارتىپ كۆكەملىك قىلىش ئەۋج ئالغانلىقتىن، ئىشەنسىمۇ بىر كىمگە پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇش، ئۆلىۋاتسىمۇ ياردەم قولىنى سۇنۇپ پۇل بېرىپ تۇرۇشلار ئازىيىپ كەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەرنىڭ ئىقتىساد قارىشى زىيادە كۆچىيىپ كەتكەنلىكتىن، پۇلنى پۇل تېپىشقا سەرپ قىلىپ، قەرز بېرىپ تۇرمايدىغان، ھەقدارغا قەرزنى

ۋاقتىدا قايتۇرمايدىغان تۇرمايدىغان بولدى.

ناچار قەرز پۇل بولسا ئۆسۈمى يۇقىرى، ۋاقتى قىسقا، مىقدارى ئاز پۇل بولۇپ، بۇنداق قەرز پۇلنى دائىم ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئەڭ گەۋدىلىك كۆرۈلىدىغىنى جازانە شەكلىدىكى قەرز پۇل ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق پۇل پۇلغا ناھايىتى جىددىي ئېھتىياجى بار كىشىلەرنىڭ جازانىخور كىشىلەردىن ئالىدىغان قەرز پۇلى بولۇپ، ئۇنداق پۇل ھەرقانداق ۋاقىتتا شەخسلەردىن ئېلىنىدۇ، ئۆسۈمى ھامان دىرىدىن يۇقىرى بولىدۇ ياكى دىرى بىلەن تەڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋاقتى قانچىكى ئۇزارغانسېرى ئۆسۈمى شۇنچىلىك كۆپىيىپ بارىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىشلىتىش. تۈرىگە ماس كەلمەيدىغان بانكىدىن ئالغان قەرز پۇلمۇ بىر تۈرلۈك ئۆسۈمى يۇقىرى قەرز پۇل بولۇپ، بىرى مۇناسىپ قىممەت ياراتمايدۇ، يەنە بىرى ئۆزىنىڭ سەرپىياتىنى ئۆزى قامداپ كېتەلمەيدۇ.

قەرز پۇلنى ئىشلىتىش نۇقتىسىدىن تەتبىقلىغاندىمۇ ئۈچ جەھەتكە يەكۈنلەيمىز: بىرىنچى، ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولغان، پايدىسى يۇقىرى، چىقىمى ئەڭ تۆۋەن بولغان، دەل ۋاقتىدا ئۆسۈم ۋە دىرىنى قايتۇرغىلى بولىدىغان قەرز پۇل ئەڭ ياخشى قەرز پۇل بولىدۇ؛ ئىككىنچى، ئاز - تولا پايدا كۆرسەتكەن ياكى پايدا كۆرسەتمىسىمۇ زىيان كۆرسەتمىگەن قەرز پۇل ياخشى قەرز پۇل بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، زىيان كۆرسەتكەن، دىرى ۋە ئۆسۈمىنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىغان قەرز پۇل ناچار قەرز پۇل بولىدۇ.

# ئورتاق بايلىق ــ قەرز پۇل

قەرز پۇل دېسە، ھەرقانداق ئادەمگە باشقىچە ئاڭلىنىدۇ، سەلبىي تۇيغۇ بەرمەي قالمايدۇ. ئەمما قەرز پۇل كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە ناھايىتى مۇھىم ۋاستىچىلىك، ھەيدەكچىلىك رولىغا ئىگە. بۇ ھەقتە نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇق. شۇڭا، بىز قەرز پۇلنى كەسكىنلىك بىلەن ئورتاق بايلىق دېيەلەيمىز.

ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئورتاق بايلىق ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭ ھەممىسىنىڭ چېكى ۋە دائىرىسى، شۇنداقلا چەكلەش مېخانىزمى بار. قەرز پۇلنىڭمۇ شۇنداق. بىراق قەرز پۇلنىڭ باشقا تۈرلەرگە قارىغاندا كىشىلەرگە يېقىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى، بۇ جەھەتتىكى تەسىرى ۋە يېتەكچىلىك رولى بىلەن پايدىلىنىشچانلىقى، خاسلىقى كۈچلۈك، شۇڭا ئۇنى كىشىلەرگە ئەڭ يېقىن، دائىرىسى ۋە چەكلەش نۇقتىسىدىن پايدىلىنىش بىرقەدەر كەڭرى ئورتاق بايلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ.

قەرز پۇلدىن ئورتاق پايدىلىنىش مەسىلىسى مۇناسىۋەت مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە تاكتىكا، ئىقتىدار، پرىنسىپ مەسىلىسى. تاكتىكا قەرز پۇلدىن پايدىلىنىشتىكى ئارتۇقچىلىقنى ئىشقا ئاشۇرسا، ئىقتىدار قەرز پۇلنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ؛ تاكتىكا قەرز پۇلنى كىم، قايسى ئورۇن - تارماقتىن ئېلىشنى ئۇستىلىق بىلەن ئىشقا ئاشۇرسا،

ئىقتىدار ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى قانداق قولغا كەلتۈرۈشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ھەممىلا ئادەم قەرز پۇل ئالالايدۇ، شۇنداقلا قەرز پۇلدىن ھەممىلا ئادەم پايدىلىنالايدۇ. پۇلى بارلارمۇ، پۇلى يوقلارمۇ قەرز پۇلنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئارتۇقچىلىقىدىن ئۆزىگە خاس مەنبە شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە سىڭدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك ئەڭ گەۋدىلىك خاسلىقىدىن نەپ ئالىدۇ.

قەرز پۇلدىن ئورتاق پايدىلىنىش كۆپ تەرەپلىمە ئامىلغا باغلىق بولىدۇ. بۇنى ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش تۈرى، ئورنى، مىقدارى، تەقسىم قىلىنىش ئۇسۇلى، ئۈنۈم قازىنىشتىكى خاسلىقى، ئىشلىتىلىش جەريانى قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ باغلىنىش ئەھۋالىدىن كۆرۈۋېلىش بىلەن بىرگە، مەلۇم قەرز پۇلنى بىرلەشتۈرۈپ، نىسبەتلىك ئىشلىتىش ھالەتلىرىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قەرز پۇلنىڭ كۆلىمى ھەرقانداق چاغدا مەلۇم مىقدار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، قەرز پۇلنىڭ ئاشۇ مىقدارى ئۈنۈمىدىن بەھرىمەن بولغۇچىلارنىڭ توپىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ توپ قەرز پۇلنى قانچىلىك ئىشلىتىدۇ، قانداق ئىشلىتىدۇ، قانداق ئۈنۈم يارىتىدۇ؟ بۇنى ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئىش خاراكتېرى ئارقىلىق كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، قەرز پۇل مەلۇم مىقدارلىق، مەلۇم دائىرىلىك بولىدۇ. بانكىلار تارقىتىدىغان قەرز پۇل دەل شۇ تۈردىكى قەرز پۇل بولۇپ، ئۇنىڭ تۈر ئۇقۇمى مىقدارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، مەلۇم تۈردىكى قەرز پۇل چوقۇم مەلۇم كۆلەم - مىقدار بىلەن چەكلىنىدۇ، ئۇ چەكسىز بولمايدۇ. چەكسىز بولسا، پۇل مۇئامىلىنىڭ نورمال ئايلىنىشى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ساغلام

راۋاجلىنىشىغا نۇقسان يەتكۈزىدۇ. يەنى پۇل پاخاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىقتىسادنىڭ چېكىنىشى ياكى ۋەيران بولۇشىنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، يېزىلاردىكى ئەتىيازلىق تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇلنى ئالىدىغان بولساق، ھەرقايسى جايلاردىكى تېرىقچىلىق ئەھۋالىنى ۋە شۇ رايوندىكى دېھقانلارنىڭ مەبلەغ ئەھۋالىنى بىرلىك قىلىدۇ. شۇ بىرلىك ئاساسىدا قەرز پۇل مىقدارى ۋە تارقىتىش كۆلىمىنى بەلگىلەيدۇ.

ئومۇمەن، قەرز پۇلنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، بانكا قاتارلىق كەسپىي ئارماقلار ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە مەنبەسىدىن؛ يەنە بىرى، خۇسۇسىيلار ۋە كوللېكتىپ ـ گۇرۇھلارنىڭ جۇغلانما، ئايلانما مەبلەغلىرىدىن كېلىدۇ. ئۇ شۇ چاغدىكى ئۆسۈم قانچىلىك بولسا، شۇ ئۆسۈم بىلەن پايدىلىنىدىغان، ئۆسۈمى تولۇقلاپ بېرىلىپ پايدىلىنىدىغان، ئۆسۈمى تۆۋەنلىتىلىپ پايدىلىنىدىغان، ئۆسۈمسىز پايدىلىنىدىغان تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئارتۇقچىلىقى، خاسلىقى بولىدۇ. ئۆسۈمسىز پايدىلىنىدىغان قەرز پۇل كۆپىنچە ھاللاردا خۇسۇسىيلار بەرگەن قەرز پۇلدا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، قەشقەر سەمەن ساياھەت گۇرۇھى لىدىرى ئىبراھىم سەمەننىڭ كىتابچىلىق، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئاجراتقان قەرز پۇلى ئۆسۈمسىز قەرز پۇل بولۇپ، نەپكە ئىگە بولغانلار كۆپ. ئۇ دىرىنى قايتۇرۇشقا بەرگەن قەرز پۇلى بەدىلىگە نۇرغۇن كىشىگە ۋە جەمئىيەتكە ھېسابسىز مەنىۋى ھارارەت بەخش ئەتتى.

قەرز پۇلدىن ئورتاق پايدىلىنىشنىڭ يوللىرىمۇ كۆپ. گەپ زادى ئۇنى قانداق ئىشلىتىش مەسىلىسىدە، يەنى ئۇنىڭدىن قانداق ئۇنۇم يارىتىشتا. ھەممىگە ئايانكى، قەرز پۇلنى بىخەتەر

ئىشلىتىش ۋە ئۇنىڭدىن بىخەتەر پايدىلىنىش بەك مۇشكۈل ئىش. شۇڭا بۇ ئورتاق بايلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتا چوقۇم پاراسەت بىلەن ئىش قىلىش، ئالدىن پىلانلاش، ئەستايىدىل تەتبىقلاش، بىر - بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. قەرز پۇلنى ئىشلەتكەندە ۋاقىت، ئۆلچەمگە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئىشەنچ، ئوبراز تىكلەپ، قەرز پۇلنىڭ تەكرار قىممەت يارىتىشىغا يېشىل چىراغ يېقىش كېرەك.

# بىرسىنىڭ ئېلىشى بولمىسا «ماقۇل» دېمەڭ

بىرى مېنى ئىزدەپ كېلىپ، تۇيۇقسىزلا:
— سىزنىڭ بىرەر كىشىگە بېرىشىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى. مەن بەك ھەيران قالدىم ۋە نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم بولغاي، ئۇ:
— ھەي، كېسىپلا جاۋاب بېرىڭ، مەن رەسمىي تەرزدە سوراۋاتىمەن! — دېدى.
— نېمە بولدى؟ — دېۋىدىم، ئۇ:
— بولسا بار، بولمىسا يوق دەپ جاۋاب بېرىڭە، — دېدى.
— يوق، — دېدىم مەن.
— ھە، ئەمدى بىرى مەلۇم ھاجەت بىلەن سىزگە: خوتۇنۇم ياكى مەلۇم بىرى مېنىڭ سىزدە ئاز - تولا پۇلۇمنىڭ بارلىقىنى سوراپ قالسا، بار ئىدى دەپ قويۇڭ دېسە، ماقۇل دەمسىز؟
— بىرنېمە دېيەلمەيمەن.
— نېمىشقا؟
— بىرنىڭ شۇنداق بىر ھاجىتى بولۇپ قالسا، ماقۇل بىلەن ھەل بولسا، ماقۇل دەپ قويسا بولىدىغۇ؟
— بەكرەك ئويلىنىڭ.
— ماقۇل دېسە زىيانلىق بولسا، ياق دېيىش كېرەك.
— مانا مۇشۇ ئەڭ نوچى گەپ. نېمىشقا دېسىڭىز، سىزگە ھېچقانداق زىيىنى يوقتەك قىلغان ئاشۇ ئىشقا ئويلىنىپ، باش - ئاخىرىنى بىلىپ ماقۇل دېمىسىڭىز، بالاغا قالىدىغان گەپ

ئىكەن. مەن ماقۇل دەپ قويۇپ بالاغا قالدىم...

ئەسلىدە ئىش مۇنداق بولغان: ھېلىقى كىشىنىڭ بىر دوستى بولۇپ، ئۇ دوستى بىر مەزگىل جەمئىيەتتىكى ئەخلاقسىز كىشىلەرگە ئەگىشىپ، بىر ياش چوكان بىلەن ئارىلىشىپ، ئەخلاقسىزلىق پاتقىقىغا پېتىپ، خوتۇنپۇرۇچلۇق قىپتۇ. بىرنەچچە يىلغىچە ئۇنىڭدىن ئايرىلالماپتۇ. ئۇنى ئالاي دېسە، ئۇ ھەم ياش، ھەم مۇتىھەم چوكان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ياش قورامىغا ماس كەلمەيدىكەن. نەۋرە - چەۋرىلىرى بار بۇ ئادەم ھېلىقى چوكاندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۆي ياكى كىرا ئاپتوموبىلى ئېلىپ بەرمەكچى بوپتۇ. دېگەندەك ئاپتوموبىل ئېلىپ بېرىپتۇ. شۇ جەرياندا 350 مىڭ يۈەن قەرزگە بوغۇلۇپ قاپتۇ. ئەر - خوتۇن يىغقان پۇلدىن ئىلگىرى - كېيىن 180 مىڭ يۈەننى ئىشلىتىپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە بۇنى خوتۇنىدىن يوشۇرۇش ئۈچۈن، پالانى ئاغىنەمگە مۇنچە پۇل قەرز بەردىم، پۇستانىغا مۇنچە پۇل بېرىپ تۇردۇم دەپ يالغان سۆزلەپ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپتۇ. مېنى ئىزدەپ كەلگەن بۇ كىشىمۇ 20 مىڭ يۈەن پۇل مەندە بار دېگەن گۇۋاھلىقنى بېرىپ، ھېلىقى دوستىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئالدىدا يۈزىنى يورۇق قىلىپتۇ. كېيىن يەنە ئۇنىڭ بالىلىرى سورۇشتە قىلىپ كەلگەن چاغدىمۇ گۇۋاھلىق بېرىپ، دوستىنى ئۇلار ئالدىدىكى يۈزى سۆرۈنچىلىكتىن دەمال قۇتقۇزۇپ قاپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتكەندە ھېلىقى خوتۇنپۇرۇچ دوستىنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشۈپ قازا قىپتۇ. مانا شۇ چاغدا بۇ كىشى كۈتمىگەن يەردىن بالاغا قاپتۇ. ئۆلگۈچىنىڭ خوتۇن - بالىلىرى 20 مىڭ يۈەن پۇلىمىز بار دەپ سۈيلەپ كەپتۇ. ئىش چىڭىغا چىقىپ، بۇ ئادەم يوق يەردىن قەرزدارغا ئايلىنىپتۇ. «كۆزگە ئىلمىغان پۇتاق، باشقا تەگكەن چوماق» بوپتۇ.

گۇۋاھلىق بېرىش ياخشى ئىش، بىراق يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، يوق يەردىن بار دەپ گۇۋاھلىق بېرىش ئەخلاقسىزلىق، شۇنداقلا ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەن تاپقانلىق بولىدۇ. ھايات تارىخىمىزدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشقا دۇچار بولغان ئادەملەر بەك كۆپ. بىر زامانلاردا گۇۋاھلىق بېرىپ، يەنە بىر زامانلار كەلگەندە يوق دېسە ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، چۈنكى پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە. شۇڭا ئۇ شۇنچىلىك تاتلىق، ۋەسلى ئادەمنى مەھلىيا قىلىدۇ. مانا بۇ ئادەممۇ ھېلىقى دوستى ھايات ۋاقتىدا پۇلنى بار دەپ لەۋزە قىلغان ۋە گۇۋاھلىق بەرگەن، ئەمدى يوق دېسە، كىشىلەر ئالدىدا قىزىل كۆز، نامەرد ئادەمگە ئايلىنىدۇ، بېرەي دېسە، ئۇنىڭدا قەرزدارلىق يوق. پۇلىمىز بار دىگۈچىلەر سوتقا بارسا، يېتەرلىك دەلىل - ئىسپات تاپقىلى بولمايدۇ، شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ قەرز پۇلىمىز بار دىگەن پاكىتى پۈت تىرەپ تۇرمايدۇ، ئاخىرىدا قانداق بولىدۇ؟ پۇلىمىز بار دىگۈچىلەر سوتتا يېڭىلىپ قاپتۇ، لېكىن پۇلىمىز بار دىگەن گەپتىن زادىلا يانماي، پۈتۈن ئائىلە بويىچە بايىقى كىشىگە تەھدىت سېلىپ ئارام بەرمەپتۇ، ئاخىرىدا سۈركىلىش پەيدا بولۇپ جېدەل چىقىپ، زەخىملىنىش كېلىپ چىقىپ جىنايەت شەكىللىنىپ، ئىككى تەرەپتىن ئىككى ئادەمگە بىر يىللىقتىن ئۈچ يىللىقىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىپتۇ. بۇ ئىش يەنىلا تۈگىمەي داۋاملىشىۋېتىپتۇ. بۇ كىشى نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە مەسلىھەت سورىدى. مەن: «ئەڭ ياخشى ئۇسۇل مۇرەسسە قىلىش. سىز ھەرقانداق قىيىنچىلىق بولۇشتىن قەتئىينەزەر قارشى تەرەپكە ئەتراپلىق، ئەمەلىي، قايىل قىلارلىق چۈشەنچە بېرىپ، ئاز - تولا ئىقتىسادىي بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ كېلىشىم ھاسىل

قىلىڭ، ياكى بولمىسا دوستىڭىزنىڭ ھايات ۋاقتىدا قايسى خىل ئۇسۇل بىلەن، نېمە سەۋەبتىن 20 مىڭ يۈەننى باشقىلارغا بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاڭ. شۇ پۇلنىڭ ئورنىنى تېپىپ بېرىڭ، مەسىلە شۇ چاغدا ھەل بولۇشى مۇمكىن» دېدىم. ئۇ: «ھېلىقى چوكاننى تاپمەن» دېدى.

بۇ ئىشتىكى چىقىش يولى مۇشۇ.

كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشقا دائىم دۇچ كېلىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭدىن بىمالال ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەزىلەر ياخشىلىق قىلىمەن دېگەن «ياخشى كۆڭلى» گە كۆتمىگەن يەردىن بالاغا قالىدۇ. قەرزدارغا، جاۋابكارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قەرزدارغا ئايلىنىپ قالغان ئادەملەر بەك كۆپ. «قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىمۇ ئاشكارا» دېگەندەك، كىملەرنىڭدۇر ناشايان ئىشلىرى بىر مەھەل يوشۇرۇن ساقلىنىپ داۋاملاشسىمۇ، يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. ئەنە شۇ ئىشقا چاپان ياپقانلارمۇ، يەنى باشقىلارنىڭ ناشايان ئىشلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ماقۇل دېگەن ئادەملەرمۇ ھامان تېگىشلىك جاۋابكارلىقنى تارتماي قالمايدۇ. شۇڭا بۇنداق ئىشتا ئۇيلىنىپ «ماقۇل» دېيىش كېرەك.

1. «ماقۇل» دېيىشتىن ئاۋۋال قارشى تەرەپنى تونۇپ، ئۇنىڭغا چىقىش يولى كۆرسىتىپ قويۇش كېرەك. بۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قەرزدارلىقنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قىيىن مەسىلە كېلىپ چىقىشنى چەكلەشنىڭ ياخشى چارىسى.

2. «ماقۇل» دېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان گۇۋاھچى، ئىسپاتلىغۇچىلارنى تۇرغۇزۇش كېرەك.

3. «ماقۇل» دېيىش بىلەن بىرگە، مۇشۇ «ماقۇل»نىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان يازما ئىسپات ياكى ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق قەرز ئېلىم - بېرىمىنىڭ يوقلۇقى ھەققىدە ئىسپات - ئاساس يازدۇرۇپ قويۇش كېرەك.

4. زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا، ئائىلە ئەزالىرى ئالدىدا مەجبۇرلىغۇچىنى توختىتىپ، ئەينى چاغدا بەرگەن «ماقۇل»نىڭ يالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنى ئاقلاش كېرەك.

# تىجارەتچى قەرز ئېلىم - بېرىمىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك؟

بىر تىجارەتچىگە نىسبەتەن قەرز ئېلىم - بېرىمىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ناھايىتى مۇھىم تىجارەت ئۇقۇمى ھېسابلىنىدۇ. يەنىمۇ كونكرېت ئېيتساق، بۇ شۇ تىجارەت ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى مۇھىم مەزمۇن. بەزىدە قەرز ئېلىم - بېرىمى شۇ تىجارەت ۋە شۇ تىجارەتچىنىڭ تىجارەت پائالىيىتىدە تىجارەتنىڭ قانداق بولۇشىنى، يەنى ياخشى - يامان بولۇشىنى بەلگىلەش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا بۇنىڭغا سەل قاراشقا، بولدى قىلىپ ئۇدۇلىغا، قولنىڭ ئۇچىدا ئىش قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ:

1. تەرتىپلىك بولۇش كېرەك. قەرز ئېلىم - بېرىمىنىڭ ئالاھىدە تەرەپلىرى بولمىسىمۇ، ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان تەرتىپلىرى بولىدۇ. بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالدۇق. شۇڭا قەرز پۇلنى ئىشلىتىش ۋە قايتۇرۇشتا بىردەك بولغان، ماس قەدەملىك تەرتىپ تۇرغۇزۇپ، ئىشلىتىش تەرتىپى، قايتۇرۇش تەرتىپى ئارقىلىق ئىستېمال ۋە ئوبوروت قىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىشلىتىش پۇرسىتى كەلگەندە ئىشلىتىش، قايتۇرۇش مۆھلىتى توشقاندا چوقۇم باشقىسىنى تاشلاپ قويۇپ قايتۇرۇش كېرەك. بۇنداق قايتۇرۇش قەرز پۇلنىڭ بېسىمىنى ئازايتىدۇ.

2. مەخسۇس تالون ئىشلىتىش كېرەك. باشقا تۈردىكى

ئېلىم - بېرىم ھېساباتلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چوقۇم قەرز ئېلىم - بېرىم تالونلىرىنى مەخسۇس ئىشلىتىش، ئايرىم، مۇقىم ساقلاش كېرەك.

**3. توختام شەكىللەندۈرۈش كېرەك.** قەرز پۇل ئېلىم - بېرىمدا ئىمكان بار توختام تۈزۈش، توختام ئارقىلىق ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ قېلىپىنى شەكىللەندۈرۈپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىپ، خېيىم - خەتىرىنى ئازايتىپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

**4. كىرىمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك.** قەرز پۇلغا مەھسۇلات ئېلىش ياكى تېخنىكا كىرگۈزۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنى سېتىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش كېرەك. ساتقان مەھسۇلاتقا پۇل ئېلىش، مال ئالماسلىقنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بۇ قەرز پۇلنى تەرتىپلىك قايتۇرۇشقا ياخشى پۇرسەت يارىتىدۇ.

**5. قەرز پۇلنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.** قەرز پۇلنى ئىشلىتىش داۋامىدا ئۇنىڭ ئىشلىتىش جەھەتتىكى خاراكتېرىنى بېكىتىپ، شۇ تۈرگە مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق باشقا تۈرلەرگە چېچىلىپ كېتىپ، ئۈنۈمسىز بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئالاھىدىلىكنى خاسلىققا بىرىكتۈرۈپ، ئارتۇقچىلىقنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

**6. ئىشەنچ ئارقىلىق قەرز پۇلنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش كېرەك.** بۇنىڭ ئۈچۈن ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، لىللا، ئادىل بولۇش، سەمىمىي مۇلازىمەت ئارقىلىق ئوبراز يارىتىش كېرەك.

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：阿不都许库尔·伊敏
责任编辑：塔依尔·居马洪
责任校对：阿丽亚·买买提
封面设计：海米旦·塞达力木

致富丛书
**资助创业**（下）（维吾尔文）
阿不来提·居马·土谱热克　编著

新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷
880mm×1230mm　32开本　9.25印张
2012年3月第1版　2012年3月第1次印刷

ISBN 978-7-5466-1211-9（民文）　定价（上下册）：30.00元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: [signature]

بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

- ساغلام تاپاۋەت ، بىرەر ھىدايەت
- پۇل ھەققىدە ئاچچىق - چۈچۈك ھېكايىلەر
- پۇل تېپىشنىڭ ساغلام يولى
- پۇلغا ياندىشقان بايانلار
- تېجەپ پۇل تېپىش
- ئۆزىڭىزگە قويمىچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭ
- قەرز پۇلدىن پۇل تېپىش ( 1- ، 2- قىسىم )
- بايلىق داستىخىنى - مۇلازىمەت
- سودا پۇرسىتىنى قەدىرلەڭ
- پۇل تېپىشقا ياندىشقان خىرىس

ISBN 978-7-5466-1211-9
9 787546 612119 >
定价（上下册）：30.00元